



بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



2005 4

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.




2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى يىغىنى 2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى.



دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى قاتناشچىلىرى يىغىن دۆكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



شىنجاڭلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلماقتا.



ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋەلى تۇراق باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2005-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جايلاردىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن 36كىشى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى؛ بىر قىسىم ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بۆلۈم مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ ، 3-مەھكىمىنىڭ باشلىقى گوچېڭجېن، مۇئاۋىن باشلىقى ماجىن قاتارلىق ئالاقىدار مەسئۇللار يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى ۋە سۆزلىدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللام يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي« ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈپ،سىرتقى جەھەتتە ئوبراز تۇرغۇزۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى»دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر توغرىسىدا پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە يىغىن قاتناشچىلىرى رەھبەرلەرنىڭ سۆز ۋە دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلدى. « جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتى پروگراممىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)،«جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى(دەسلەپكى لايىھە)، «مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»(دەسلەپكى لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە)،«ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»(دەسلەپكى لايىھە)،« جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى نامزاتلىرىنى تەۋسىيە قىلىش چارىسى ۋە سان تەقسىماتى لايىھىسى» (دەسلەپكى لايىھە)قاتارلىق ھۆججەت ماتېرىياللارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن قاتناشچىلىرى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىدىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، بۇ ئارقىلىق، دېموكراتىك كېڭىشىپ، دىنىي ئىشلارنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ يىغىن خۇلاسىسىنى چىقاردى. مەھكىمە باشلىقى گوچېڭجېن سۆزلىدى. يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قارارى ماقۇللاندى. « جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى نامزاتلىرىنى تەۋسىيە قىلىش چارىسى ۋە سان تەقسىماتى لايىھىسى» ۋە «جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتى پروگراممىسى» پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى؛ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى(دەسلەپكى لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە)،«ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»(دەسلەپكى لايىھە) پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىنىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى8-نۆ ۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تەكلىپ بېرىش قارار قىلىندى. (ب)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

المسلم الصيني

# مۇندەرىجە


## ▼ ئالاهىدە خەۋەرلەر ▼

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.......... (1)

2-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.......... (4)

## ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان.......... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (5)

كېسەل، شىپا، ئەجەل .......... شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى (10)

## ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى ▼

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر ھەققىدە.......... نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (16)

## ▼ ئىسلام ئەھكاملىرى ▼

قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار.......... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد (25)

## ▼ ھەج-تاۋاب ▼


ھەجنىڭ ھېكمەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە .......... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (30)

ھەجگە ماڭغانلارنى ئۇزىتىش ۋە ھاجىلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ھەققىدە.......... ئابدۇكېۋىر داموللا ھاجى (35)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئۆرپ-ئادەت ▼

مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئەدەب-قائىدىلىرى .......... ئىسمائىل ياقۇپ (36)

مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم كىيىش ئەدەبلىرى .......... ياقۇپ ھەمدۇللا (42)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

( پەسىللىك ژۇرنال 季刊 )

( ئومۇمىي77 -سان 总第77期 )

باش مۇھەررىر :
شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور :
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

邮发代号: 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:Q1720

国外代号: Q1720


E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

# مۇئەللىمرىمىز




2005

4

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073

تېل: 83520073، 010 - 63513181

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

تېل: 0991-2566193

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

印　　刷：中央民族大学印刷厂

订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；新疆发行站，《中国穆斯林》维文编辑部

地址：北京市宣武区南横西街103号

邮编：100053 电话：010 - 63513181　010 - 83520073（兼传真）

新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号

邮编：830001 电话：（0991）2566193

国外发行：中国国际图书贸易公司（北京 399 信箱）


## ▼ مۇسۇلمان ئالىملىرىمىز ▼


مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى............ (47

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە بۈيۈك تىل قامۇسى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» ..................... ئابلىز ئابدۇرەھىم (49

مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئىبراھىم داموللا ھاجى ..................... جارۇللا يۈسۈپ، ئالىم ئىمىن (53


## ▼ خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر ▼


جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى .......... (29


## ▼ مۇبارەك رامىزان ئېيىدىن خەۋەرلەر ▼


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئېپتارلىق بەردى ........ مىسىر، لىۋىيە ۋە ئىرانلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامىزانلىق قىرائەتتە بولدى قاتارلىق خەۋەرلەر ..................................... (55


## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى ▼


تۇردى ھەسەن، ئالىم ئىمىن، دولقۇن مەكەن قاتارلىقلار خەۋىرى ............. (56


## ▼ ئىسلام مائارىپى ▼


ھېبىبۇللا مەتسەيدى، ئەلقەم ھوسەن قاتارلىقلار خەۋىرى........................ (57


## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ▼


ئۆمەرجان مۇھەممىدى، نىياز ساتتار، گۈلنۇر توختى قاتارلىقلار خەۋىرى .... (61


## ▼ ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ▼


ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2005-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق دىنىي ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى.......................... (64



(بۇ سان 2005-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)

www.uyghurkitap.com

# 2-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنى 2005-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە بېيجىڭدىكى شىنجاڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئابدۇلتېپ داموللا ھاجىنىڭ سۈرە «فاتىھە»نى تىلاۋەت قىلىشى بىلەن باشلاندى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئەلى لىيۇ شۇ شياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، سىددىق ماجۇڭجى، مەسلىھەتچىلەردىن نۇئمان ماشيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپلار ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن ۋە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى باشقارما، بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۆلىمالار ۋە ھەيئەتنىڭ كاتىبات گۇرۇپپىسى ئەزالىرى مۇراسىمغا قاتناشتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، 3-مەھكىمە(ئىسلام دىنى مەھكىمىسى)نىڭ باشلىقى بەدرىدىن گو چېڭجېن، مۇئاۋىن باشلىقى يۈسۈپ ماجىن قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىنغا يەنە شىنجاڭدىن مەھمۇد دامولla ھاجى(ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)، ئابدۇقادىر مەخسۇم(قەشقەردىن)، تاھىر ھاجى(شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن) تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ 1-نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىدىن خىزمەت دوكلاتى قىلدى ھەمدە «جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت قائىدىلىرى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «2-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەشكىل تېپىشى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇپ ئۆتتى. بۇ نۆۋەتلىك ھەيئەت **ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، **ئابدۇلتېپ دامولla ھاجى** (ئۇيغۇر، شىنجاڭ خوتەندىن)، **مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، **ھەبىبۇللا شى شىڭلىن** (خۇيزۇ، نىڭشيادىن)، **نۇئمان ماشيەن** (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، **ھاجى ئەكبەر قوغۇر** (قازاق، شىنجاڭ ئالتايدىن)، **نىياز قارى ھاجى** (قىرغىز، شىنجاڭ ئاقتۇدىن)، **ئابدۇللا ماچاڭچىڭ** (دۇڭشياڭ، چىڭخەيدىن)، **يۈسۈپ مائەنتەي** (خۇيزۇ، ئۈرۈمچىدىن)، **مۇھەممەد نۇرىددىن مېن شىڭگۇاڭ** (خۇيزۇ، گەنسۇدىن)، **سۇلايمان ما كەيشەن** (خۇيزۇ، يۈننەندىن)، **مۇسا نۇرىددىن لۇ جىنخۇ** (خۇيزۇ، خېنەندىن)، **جۇمە داۋۇد** (ئۇيغۇر، شىنجاڭ قەشقەردىن)، **رەھمىتۇللا ھىدايىتۇللا** (ئۇيغۇر، شىنجاڭ شاياردىن)، **ئابدۇقادىر ئۆمەر دامولla** (ئۇيغۇر، شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىدىن)، **ئادىلجان ھاجى كېرەم** (ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، **ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن**(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)دىن ئىبارەت 17 نەپەر ئۆلىمادىن تەركىب تاپتى. رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ھەيئەت مۇدىرلىقىغا، ئابدۇلتېپ دامولla ھاجى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ مۇئاۋىن مۇدىر قوشۇمچە ئىجرائىيە كاتىپلىققا تەكلىپ قىلىندى، شۇنداقلا مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، ئادىل ھاجى كېرەم، ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن، نەبىل ماجۇڭپىڭ، ئابدۇللا جىن رۇيبىڭ، مۇھتەرەم شېرىپ دامولla ھاجى(شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)لاردىن كاتىبات گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ گۇرۇپپا باشلىقى، ئادىل ھاجى كېرەم مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. يىغىندا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ سۆز قىلىپ، ئۆتكەن نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇ نۆۋەتلىك ھەيئەتنى تەبرىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەيئەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ھەققىدە كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن جەريانىدا ھەيئەت ئەزالىرى «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ 3-توپلىمىغا تەييارلانغان 11 پارچە ماقالىنى بىر-بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ چىقتى. بۇ ماقالىلەر توغرىسىدا يىغىندىن ئىلگىرىمۇ مەخسۇس بىر گۇرۇپپا قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگە بېرىپ سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ پىكىر ئالغانىدى. يىغىندا يەنە ھەيئەت ئەزالىرى يېڭى «ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ 4-توپلىمىنىڭ ماقالە تېمىلىرىنى ھەم ھەيئەتنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا 2- نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ 1-سانلىق يىغىنىنىڭ يەتتە ماددىلىق قارارى ماقۇللاندى. (ش)

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھۇلبۇخارى»

ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە ئاساسلىق مۆتىۋەر ئالتە پارچە كىتاب بولۇپ، ئۇلار «كۇتۇبى سىتتە» ياكى «سىھاھسىتتە» ياكى «ئۇممۇھات سىتتە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار «سەھىھۇلبۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم»، «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»، «جامىئ تىرمىزى»، «سۇنەن نەسەئى»، «سۇنەن ئىبن ماجە» لەردىن ئىبارەت. بەزى ئالىملار «سۇنەن ئىبن ماجە»نىڭ ئورنىغا ئىمام مالىكنىڭ «مۇئەتتا»كىتابىنى قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «سەھىھۇلبۇخارى» ئەڭ سەھىھ، ئەڭ نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئۆز دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرىدا سەھىھ، زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ ئارىلاش ئىكەنلىكىنى، ھەدىس ئالىملىرى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ياكى زەئىپلىكىنى پەرق قىلالمايدىغانلىقىنى، ھەدىسلەرنىڭ ماۋزۇلار بويىچە بۆلۈنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، «سەھىھۇلبۇخارى» كىتابىنى تۈزۈپ چىقىش نىيىتىگە كەلگەن. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى ئىسھاق ئىبن ئىبراھىمنىڭ شاگىرتلىرىغا: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىن بىرەر قىسقا توپلام تۈزگەن بولساڭلار ئىكەن“ دېگەن سۆزى ئىمام بۇخارىنىڭ يۇقىرىقى نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرتكە بولغان. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇلبۇخارى»نى ئۆزى ئىگىلىگەن 600 مىڭ ھەدىسنىڭ ئىچىدىن ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاش ئارقىلىق 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۈزۈپ چىققان.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ”ھەر بىر ھەدىسنى بېكىتىپ كىتابىمغا كىرگۈزۈش ئالدىدا، غۇسلى قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىستىخارە قىلىپ ئاندىن يازاتتىم“. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇلبۇخارى»نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەل، يەھيا ئىبن مەئىن، ۋەلى ئىبن مەدىنى قاتارلىق ئالىملارغا كۆرسەتكەن. ئۇلار كىتابىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەردىن تاللىنىپ تۈزۈلگەنلىكىنى ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇشقان. شۇ چاغلاردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ھەر بىر دەۋر ئالىملىرى «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ ھەممە ھەدىس كىتابلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن. زەھەبى «ئىسلام تارىخى»دېگەن كىتابىدا: ”«سەھىھۇلبۇخارى» ئىسلام كىتابلىرى ئىچىدە قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب. بىرەر كىشى «سەھىھۇلبۇخارى»نى ئوقۇش ئۈچۈن مىڭ پەرسەخ ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئارتۇق كەتمەيدۇ“ دېگەن. ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمام بۇخارى: ”بۇ كىتابىمنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۆزەمنىڭ ئارىسىدا پاكىت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كىتابىمغا پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنىلا كىرگۈزدۈم. كىتابىم ئۇزىراپ كەتمىسۇن دەپ سەھىھ ھەدىسلەردىن كىرگۈزمىگەنلىرىممۇ بار“ دېگەن. «سەھىھۇلبۇخارى»نى مۇئەللىپنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە توغرىدىن توغرا ئاڭلىغان

*باش قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا

كىشىلەر 90 مىڭغا يەتكەن. ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبن يۈسۈف، ئىبراھىم ئىبن مەئقەل، ھەممەلد ئىبن شاكىر، ئەبۇ تەلھە مەنسۇر قاتارلىق ئالىملار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «سەھىھۇلبۇخارى»دىكى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ساھابىلارنىڭ سانى 183 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 31 نەپىرى ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ساھابىلەر ئەبۇ ھۇرەيرە 446 ھەدىس، ئەنەس 268، ئابدۇللا ئىبن ئابباس 217 ھەدىس، ھەزرىتى ئائىشە 242 ھەدىس، جابىر ئىبن ئابدۇللا 90 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى مىلادىيە 810-يىلى (ھىجرىيە 194-يىلى) شەۋۋال ئېيىدا بۇخارادا دۇنياغا كەلدى. كىچىكىدىلا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىملىكتە ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا ھەدىس ئىلمىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىنىڭ سەئيى ئىجتىھاتى ئارقىلىق ئاز ۋاقىتتىلا خېلى كامالەت ھاسىل قىلدى. 16 يېشىدا ئابدۇللا ئىبن مۇبارەك ۋەكىئ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرىنى ياد ئېلىپ چىقتى. مىلادىيە 826- يىلى(ھىجرىيە 210-يىلى) ئانىسى ۋە ئاكىسى ئەھمەد بىلەن بىللە مەككىگە سەپەر قىلىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ھەدىس تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە مەككىدە قېلىپ قالدى. ئۇ 18 يېشىدا ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار توغرىسىدىكى كىتابىنى تەئلىف قىلدى. ئۇ مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسى يېنىدا ئاي يورۇقىدا «تاريخ كبير» (چوڭ تارىخ) ئىسىملىك ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئىمام بۇخارى ھەدىس توپلاش ۋە ھەدىس پېشۋالىرىدىن ھەدىسنى بىۋاستە ئاڭلاش نىيىتىدە ئىسلام دۇنياسىنى ئايلىنىپ خۇراسان، ئىراق، سۈرىيە، ھىجاز، يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىقتى. ئىمام بۇخارىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ھەدىس ئۇستازلىرىدىن ھەدىس ئاڭلاپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە رىۋايەت قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەھمەد ئىبن ھەنبەل، يەھيا ئىبن مەئىن، ئىسھاق ئىبن راھۋەي، ئەبۇ بەكرى ئىبن شەيبە، ئەبۇ نەئىم ئىسپاھانىلار شۇ ھەدىس ئۇستازلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئىمام شافىئىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن بولسىمۇ ئەمما «سەھىھۇلبۇخارى»دا ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس يوق. ئىبن ھەجەر ئەسقەلانى ئىمام بۇخارى ھەدىس رىۋايەت قىلغان مۇھەددىسلەرنى مۇنداق بەش دەرىجىگە بۆلگەن. بىرىنچى، تابىئىنلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مۇھەددىسلەر، ئۇلار مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللا ئەنسارى، مەككى ئىبن ئىبراھىم، ئەبۇ ئاسىم، ئابدۇللا ئىبن مۇسا، ئەبۇ نەئىم قاتارلىقلار: ئىككىنچى، يۇقىرىقىلار بىلەن زاماندىاش ئۆتكەن، لېكىن تابىئىنلار بىلەن مۇلاقات بولۇشقا مۇيەسسەر بولمىغانلار، ئۇلار ئىبن ئىياس، ئابدۇلئەلا قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچى، تابىئىنلار زامانىدىن كېيىنكىلەر، ئۇلار سۇلايمان ئىبن ھەرب، قۇتەيبە ئىبن سەئىد، يەھيا ئىبن مەئىن، ئەھمەد ئىبن ھەنبەل قاتارلىقلاردۇر؛ تۆتىنچى، ئىمام بۇخارىنىڭ زامانداشلىرى؛ ئۇلار مۇھەممەد ئىبن يەھيا زۇھلى، ئەبۇ ھاتەم رازى، ئابدۇ ئىبن ھەمىد قاتارلىقلار: بەشىنچى، ئىمام بۇخارىغا شاگىرت قاتارىدا ھېسابلىنىدىغانلار (زورۇر بولغاندا ئىمام بۇخارى بۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان)، ئۇلار ئابدۇللا ئىبن ھەمماد ئامۇلى، ئابدۇللا ئىبن ئەبۇ قازى خارەزمى قاتارلىقلار. ئىمام بۇخارى بۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ "مۇھەددىس بولغان ئادەم ئۆزىدىن ئۈستۈن، ئۆزى بىلەن تەڭ ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلمىغۇچە كامالەتكە يەتكەن بولمايدۇ" دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلىغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ دەرس سورۇنىغا يۈزلىگەن تالىپلار ھازىر بولاتتى. ئىمام بۇخارىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغان شاگىرتلارنىڭ 70 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇسلىم ئىبن ھەججاج، تىرمىزى، ئەبۇ زەرئە، ئەبۇ بەكرى ئىبن خۇزەيمە قاتارلىق چوڭ مۇھەددىسلەرمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى ئىقتىدار ۋە تالانتى، ئىلمىگە بولغان مۇھەببىتى ئادەتتىن تاشقىرى ئىدى. ئۇ ھەمىشە خاتىرىسىگە كەلگەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئۇخلاپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئون نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ خاتىرىسىگە كەلگەنلەرنى خاتىرىلەپ ماڭىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ 100 مىڭ سەھىھ ھەدىسنى ۋە 200 مىڭ غەيرىي سەھىھ ھەدىسنى يادا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىمام تىرمىزى: "ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرى ۋە راۋىلارنىڭ تارىخلىرىنى ئىمام بۇخارىدەك پىششىق بىلىدىغان ئادەمنى ئىراق ۋە خۇراسان زېمىنلىرىدا ئۇچراتمىدىم" دېگەن. ئىمام بۇخارىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بالا چاغلىرىدىلا 70 مىڭ ھەدىسنى يادا

ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ ھەدىسلەرنى بىر قېتىم ئوقۇش بىلەن يادلىۋالاتتى. بۇنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرى ئۆزئارا: ''بۇ بالا كەلگۈسىدە ئادەتتىن تاشقىرى بىر كامالەت ساھىبى بولىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم يېتىشەلمەيدۇ'' دېيىشەتتى. ئىمام بۇخارى بەسرە شەھرىگە بارغاندا جامە مەسچىتىدە: '' ئى ئىلىم ئەھلىلىرى، شەھرىمىزگە ئىمام بۇخارى قەدەم تەشرىپ قىلدى'' دەپ جاكارلانغان. بۇ چاغدا تېخى ياش يىگىت بولغان ئىمام بۇخارى مەسچىتنىڭ بىر تۈۋرۈكى يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئىلىم مۇھەببىتى كۆڭلىگە ئورناشقان خەلقلەر ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنى ئورنۇۋېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەدىستىن دەرس ئۆتۈپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس سورۇنىغا مىڭلىغان مۇھەددىسلەر يىغىلىپ ئۇنىڭدىن ھەدىس تىڭشىغان. ئىمام بۇخارى خالايىققا: ''مەندىن ھەدىس سورۇنى تۈزۈپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدىڭلار. مەن تېخى يېشىم كىچىك ئادەممەن. شۇنداق بولسىمۇ سىلەرگە شەھرىڭلاردىكى ھەدىسشۇناسلار سىلەرگە سۆزلەپ باقمىغان يېڭى ئىسنادلار بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ بېرەي'' دېگەن. سورۇن ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. بۇخارىنىڭ دەۋرىدە سەمەرقەند شەھرىدە نەچچە يۈز مۇھەددىس بار ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئىمام بۇخارىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە يەتتە كۈن تەييارلىق قىلغان. ئۇلار ئىمام بۇخارىنى سىناش ئۈچۈن ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆگتەي-تۆگتەي قىلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇخارىنى سىنىغان ۋاقىتتا بۇخارى قىلچە يېڭىلمىغان. ئىمام بۇخارى باغداد شەھرىگە كىرگەندە بۇ يەردىكى مۇھەددىسلەر ئۇنى سىناش ئۈچۈن يۈز ھەدىسنى تاللاپ چىقىپ ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىنى ۋە ئىسنادلىرىنى بىر-بىرىگە يۆتكەپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئون ئادەمنى تەيىنلەپ ھەر بىرىگە بۇخارىدىن سوراش ئۈچۈن ئون ھەدىسنى بۆلۈپ بەرگەن، كىشىلەر توپلانغان چوڭ بىر سورۇندا ئون ئادەم بىر-بىرلەپ بۆلۈپ بېرىلگەن ھەدىسلەرنى بۇخارىدىن سوراشقا باشلىغان. ئىمام بۇخارى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغىچە ''بۇ ھەدىسلەرنى ئۇقمايمەن'' دەپ تۇرغان. ئاخىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۈز ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنى ۋە ئىسنادلىرىنى بىر-بىردىن تۈزىتىپ، توغرىلاپ سورۇندا ئوقۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن سورۇن ئەھلى ھەممىسى قايىل بولۇپ، ئىمام بۇخارىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان.

ئىمام بۇخارى ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدا مۇجتەھىد ئىماملاردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «سەھىھۇلبۇخارى» كىتابى نۇرغۇن فىقھى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ھەدىسلەرنى بابلارغا بۆلۈشتە ۋە بابلارنىڭ ماۋزۇلىرىنى قويۇشتا ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ ئىجتىھاد بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىدىن ئۇنىڭ فىقھى جەھەتتىكى ۋە ھەدىسلەردىن شەرئىي ئەھكاملىرىنى ئىستىنبات يولى بىلەن چىقىرىشتىكى ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا ھەمىشە نەسىھەتلەرنى قىلىپ تۇراتتى. ئەبۇل ئابباس ۋەلىد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى زەيد ھەمەدانى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلمى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشنى نىيەت قىلىپ ئىمام بۇخارىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلغان. ئىمام بۇخارى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ''ئى ئوغلۇم، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، بىرەر ئىلىمنى ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان نەتىجىلەرنى ئوبدان ئويلانماستىن، يولىدا دۇچ كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىشقا ئىقتىدارىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يولغا قەدەم بېسىشىڭ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس ئىلمىنى تەھسىل قىلىش توغرىسىدا ئوبدان ئويلىنىپ باق'' دېگەن. ئەبۇ ئابباس ھەمەدانى: ''ئى مۆھتەرەم ئۇستاز، ئۇنداق بولسا بۇ توغرىدا ماڭا كۆپرەك يوليورۇق بەرسىڭىز، تاكى مەن ئۆزەمنىڭ بۇ ئىشتا ئىقتىدارىم بار-يوقلۇقىنى دەڭسەپ باقاي. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان-چىقالمايدىغانلىقىمنى ئويلىنىپ باقاي'' دېگەندە، ئىمام بۇخارى ئۇنىڭغا يېزىلسا ئىككى بەت كېلىدىغان نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن: ''مەن ئۆمرۈم بويى تۈرلۈك چاغلاردا خىلمۇخىل ئۇستازلاردىن ئاڭلىغان نەسىھەتلەرنىڭ خۇلاسىسىنى ساڭا بايان قىلدىم. ئەمدى سەن ئۆز ھالىڭغا قاراپ ئىش كۆرەرسەن'' دېگەن. ئەبۇل ئابباس ھەمەدانى مۇنداق دەيدۇ: ''ئىمام بۇخارى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ھەدىس تەھسىل قىلىش يولىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە تېڭىرقاش دەرياسىغا چۆكۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ جەھەتتە

www.uyghurkitap.com

ئەھلىيەتسىزلىكىمدىن غايەت ئۈكۈندۈم. ئىمام بۇخارى ئەھۋالىمنى چۈشىنىپ تەكرار سۆز باشلاپ: 'ئى ئەزىز ئوغلۇم، بۇنداق مۇشەققەتلەرگە چىداش ئىقتىدارىڭ بولمىسا فىقھى ئىلمىنى تەھسىل قىلىشقا تۇتۇنغىن، بۇ ساڭا يەڭگىل توختايدۇ. ھەتتا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆگەنسەڭمۇ مۇمكىن بولىدۇ. فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنسەڭ، ھەدىسلەرنى مۇھەددىسلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن شەھەرمۇ شەھەر، سەھرامۇ سەھرا كېزىپ يۈرۈپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولمايسەن. فىقھى ئىلمىمۇ شەرەپلىك ئىلىمدۇر' دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەدىس ئىلمىنى تەھسىل قىلىشتىن ۋاز كېچىپ فىقھى ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئاخىرى فىقھى ئىلمىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىملىرىدىن بولۇپ قالدىم''.

ئىمام بۇخارى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا نىشاپۇردىن ئايرىلىپ، بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا خۇراساننىڭ ئەمىرى خالىد ئىبن ئەھمەد ئۇنىڭ ئۆز بالىلىرىغا خاس ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئىمام بۇخارىنى چاقىرتقان. ئىمام بۇخارى ئىلمنى يالغۇز ئەمىرنىڭ بالىلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئامما ئارىسىدا تارقىتىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپ ئەمىرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر بۇخارادىكى ئالىملارنى ئىمام بۇخارىغا قارشى قۇتراتقان. بۇخارا ئۆلىمالىرىدىن بەزىلىرى ئىمام بۇخارىغا تۆھمەتلەرنى چاپلىغان. ئەمىر ئىمام بۇخارىنى سەمەرقەند يېنىدىكى خەرتەڭ دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلغان. ئىمام بۇخارى ھىجرىيە 256-يىلى(مىلادىيە 870-يىلى) روزا ھېيت كېچىسى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ۋاپات بولۇپ، روزا ھېيتنىڭ 1-كۈنى دەپنە قىلىنغان. ئۇ بۇ چاغدا 62 ياش ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ قەبرىسى خەرتەڭ دېگەن جاينىڭ سەمەرقەند شەھىرىدىن سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىگە قويۇلغان.

ئىسلام ئۆلىمالىرى «سەھىھۇلبۇخارى»غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنى شەرھلەش، قىسقارتىپ تۈزۈش ۋە راۋىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. «كشف الظنون» (كەشپۇززۇنۇن) كىتابىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، «سەھىھۇلبۇخارى»غا يېزىلغان شەرھلەرنىڭ تۈرى 82 خىلغا يەتكەن. بۇ شەرھلەرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇقلىرى «فتح البارى» (فەتھۇلبارى)، «عمدة القارى» (ئۇمدەتۇلقارى)، «ارشاد السارى» (ئىرشادۇسسارى)، «تحفة البارى»( تۇھفەتۇلبارى ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«فەتھۇلبارى» ئىبن ھەجەر ئەسقەلانى(ھىجرىيە 852-يىلى ‹مىلادىيە 1449-يىلى› ۋاپات بولغان) نىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەسقەلانى بۇ كىتابىنى ھىجرىيە 817-يىلى(مىلادىيە 1415-يىلى) يېزىشقا كىرىشىپ، ھىجرىيە 842-يىلى(مىلادىيە 1439-يىلى) تاماملىغان. مۇنداق بىر بۈيۈك كىتابنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن شۇ يىلى شەئبان ئېيىدا چوڭ بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ مۇراسىمغا ئەسقەلانىنىڭ زامانداشلىرىدىن بۈيۈك زاتلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىراك قىلغان. بۇ مۇراسىم ئۈچۈن 500 دىنار سەرپ قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ پۈتكەنلىك خەۋىرى تارالغاندىن كېيىن، جايلاردىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى كىتابتىن نۇسخا ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراشقان. ھەر نۇسخىسى 300 دىنارغا توختىغان. بۇ ئەسەر تۈنجى بولۇپ ھىجرىيە 1301-يىلى(مىلادىيە 1884-يىلى)، ئىككىنچى قېتىم ھىجرىيە 1319-يىلى(مىلادىيە 1902-يىلى) 11 جىلدلىق قىلىپ مەتبەئەدە بېسىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەددىسلەر نەزىرىدە قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە شۇ يېتەرلىككى، مۇھەددىس شەۋكانى«سەھىھۇلبۇخارى»غا شەرھ يېزىشنى ئۆتۈنگۈچىلەرگە "لا هجرة بعد الفتح" (مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەتكە ھاجەت يوق، يەنى فەتھۇلبارى يېزىلغاندىن كېيىن، يەنە شەرھ يېزىشقا ھاجەت يوق دېگەن مەنىدە) دېگەن.

«ئۇمدەتۇلقارى»نى مۇھەددىس بەدرىدىن ئەينى(ھىجرىيە 855-يىلى، مىلادىيە 1451-يىلى ۋاپات بولغان) ھىجرىيە 821-يىلى(مىلادىيە 1418-يىلى) رەجەپ ئېيىدا يېزىشقا باشلاپ، ھىجرىيە 847-يىلى(مىلادىيە 1444-يىلى) جامادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا يېزىپ تاماملىغان. بەدرىدىن ئەينى ئەسقەلانى يازغان «فەتھۇلبارى»نىڭ نۇسخىسىنى مۇئەللىپتىن ئارىيەت ئېلىپ پايدىلانغان، ھەتتاكى بەدرىدىن ئەينى كىتابىنىڭ بەزى جايلىرىدا «فەتھۇلبارى»دىن ئۇزۇلدۇرمەي بىرەر بەتنى نەقىل ئېلىپ كۆچۈرگەن. بۇندىن باشقا بەدرىدىن ئەينى قىرىملىق رۇكنىددىننىڭكى «سەھىھۇلبۇخارى»غا يازغان شەرھىسىدىن كۆپ پايدىلانغان. رۇكنىددىن بولسا ئەسلى دەشتى قىپچاق پايتەختى بولغان ساراي شەھىرىدىندۇر. ئۇنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد

بولۇپ، لەقىمى رۇكنىددىندۇر. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا مىسىرغا بېرىپ جامىئۇلئەزھەردە مۇدەررىس بولغان. ئۇ «غرائب النوادر »(غەرئىبۇننەۋادىر) ئەسىرىنى يازغان. بەدىردىن ئەينى بۇ ئەسەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: ''مەن ھىجرىيە 800-يىلى(مىلادى 1398-يىلى)دىن ئىلگىرى شىمالدىكى ئەللەرگە سەپەر قىلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بەزى ئۇستازلىرىمدىن «غەرائىبۇننەۋادىر» ئەسىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدىم'' دەيدۇ. بەدىردىن ئەينىنىڭ يازغان شەرھىسى ئۇ ھايات ۋاقتىدا «فەتھۇلبارى»دەك شۆھرەت قازىنىپ كېتەلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بەدىردىن ئەينىنىڭ شەرھىسىنىڭ ئەسقەلانى شەرھىسىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە ئەينىنىڭ ئەسقالانىغا ئوخشاش دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ داغدۇغا قىلمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ياكى بۇ چاغدا مىسىردا شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ھەنەفى مەزھەپىدىكىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. «ئۇمدەتۇلقارى»نىڭ پايدىلىق شەرھى ئىكەنلىكىنى ئالىملار ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

«ئىرشادۇسسارى»نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئەبۇ بەكرى قەستەلانى (ھىجرىيە 933-يىلى، مىلادىيە 1527-يىلى ۋاپات بولغان)دۇر. بۇ شەرھى كىتابى ھىجرىيە 1267-يىلى(مىلادىيە 1851-يىلى) تۇنجى قېتىم بېسىلغان. كىتابنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى باسمىلىرى 12 جىلدلىق قىلىپ بېسىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ شەرھى ئەسقەلانىنىڭ «فەتھۇلبارى» كىتابىدىن كۆپ مەزمۇنلارنى ئالغا«تۇھفەتۇلبارى» شەيخۇلئىسلام ئەبۇ زەكەرىيا ئەنسارىي(ھىجرىيە 926-يىلى، مىلادىيە 1520-يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ يازغان ئەسىرىدۇر.

«سەھىھۇلبۇخارى»غا يېزىلغان شەرھلەرنىڭ تولىسى ياۋروپا ۋە مىسىر كۇتۇبخانىلىرىدا ساقلانماقتا. بەزى ئۆلىمالار: ''ھەدىس ئىلمىدە مەلەك ھاسىل قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن «فەتھۇلبارى»، ھەنەفى مەزھەپى ئاساسىدا ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى چىقىرىش مەقسىتىدە بولغانلار ئۈچۈن «ئۇمدەتۇلقارى» يېتەرلىك، باشقا شەرھلەردىن بىھاجەت بولسىمۇ بولىدۇ'' دېيىشكەن.

«سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ ئىشلەنگەن نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ھىجرىيە 675-يىلى(مىلادىيە 1277-يىلى) ۋاپات بولغان ئابدۇللا ئىبن سەئىد ئىسىملىك ئالىم تەرىپىدىن «سەھىھۇلبۇخارى» قىسقارتىپ ئىشلىنىپ ئۇنىڭغا« جمع النهاية فى بدءالخيرى و الغاية » (جەمئۇننىھايە فى بەدئىل خەيرى ۋەلغايە ) دەپ نام قويۇلغان. بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم ھىجرىيە 1302-يىلى(مىلادىيە 1885-يىلى) مىسىردا تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

ھىجرىيە 893-يىلى(مىلادىيە 1488-يىلى) ۋاپات بولغان ئىمام ئەبۇل ئاباس ئەھمەد زەبىدى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «التجريدالسريح لأحاديث الجامع الصحيح» (تەجرىدىلسەرىھ) دەپ ئاتالغان «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسى ھىجرىيە 812-يىلى(مىلادىيە 1440-يىلى) مەيدانغا كەلگەن. تۇنجى قېتىم ھىجرىيە 1278-يىلى(مىلادىيە 1862-يىلى) مىسىردا بۇلاق مەتبەئەسىدە بىر جىلدلىق قىلىنىپ بېسىلغان. بۇ نۇسخىغا ھىجرىيە 1307-يىلى (مىلادىيە 1890-يىلى) ۋاپات بولغان ئەبۇ تەييەب سەدىق ھۈسەينى بۇخارى تەرىپىدىن «غون البارى لحلى ادلة البخارى » (ئەۋنۇلبارى لىھىللى ئەدىللەتۇلبۇخارى) ناملىق شەرھ يېزىلغان.

«سەھىھۇلبۇخارى» راۋىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان باشقىلارنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا ئەبۇ نەسرى كەلا بازى، ئىبن ھەجەر ئەسقەلانى، ئەبۇ بەكرى ئىسپاھانى، ئەبۇل فەزلى مەقدەسى، ئابدۇغەنى بوھرانى قاتارلىقلار تەرىپىدىن يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

«سەھىھۇلبۇخارى»دىكى ھەدىسلەرنى ئىزدەپ تېپىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەينى زاماندىكى ئىستانبۇل فاتىھ جامئەسى مۇدەررىسلىرىدىن مۇھەممەد شەرىف تەرىپىدىن « مفتاح الصحيح البخارى» (مىفتاھۇ سەھىھۇلبۇخارى) ناملىق ئەسەر يېزىلغان. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەدىس شەرىفتە قايسى ھەدىسنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئەڭ بېشىدىكى سۆزىگە قاراپ ئوڭايلا تاپقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب پايدىلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچى كافېدراسىنىڭ ئەزالىرىدىن شەيخ ئابدۇللا ئىبن مۇھەممەد غەنىمان يۇقىرىقى مەقسەتتە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ھەدىسلەرنىڭ باش ھەرپىگە قاراپ «سەھىھۇلبۇخارى»دىكى ھەدىسلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى تېپىشتا تازا ئەسقاتىدىغان «دەلىلۇلقارى» (دليل القارئ الي موانع الحديث في صحيح البخارى) كىتابىنى تۈزۈپ چىققان. (داۋامى بار)

www.uyghurkitap.com






شىھابىدىن ئابدۇلئەھەت داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن، كېسەل، شىپا ۋە ئەجەلنىڭ پەرقىنى ۋە مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ئەھكام فۇرۇئۇددىن (ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىلەمچى يەنى ئەھكام مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئۇسۇلۇددىن (ئىسلام دىنىنىڭ بىرلەمچى يەنى ئەقىدە) مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمان مەسىلىسىدۇر. ئىسلام دىنىدا ئەھكامدا خاتا چۈشەنچىدە بولۇنسا گۇناھ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ ۋە ئەپۇ قىلىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىمان-ئەقىدىدە خاتا چۈشەنچىدە بولۇنسا دىندىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، توغرا ئەقىدە تۇرغۇزۇش بىر مۆمىن ئۈچۈن ئىنتايىن يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەممە ئادەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەنىۋى ۋە جىسمانىي كېسەللەر بولىدۇ، بىراق مەنىۋى كېسەللەر تەننى ئاغرىتمىغاچقا ئادەملەر ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمەيدۇ، جىسمانىي كېسەللەر جاننى ئاغرىتىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ماھىيەتتە تەندىكى كېسەلدىن قەلب(روھ)تىكى كېسەل ئېغىر ھەم پاجىئەلىك بولىدۇ. روھىيەتتىكى كېسەللىك ئازغۇنلۇقتۇر. بۇ خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان كىشى

ئاساسلىقچە ئۆزىنى كېسەل دەپ قارىمىغاچقا ئۆزىگە دورا ئىزدىمەيدۇ. چۈنكى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز ياكى يوق بولىدۇ. بىراق مەنىۋى جەھەتتە ھەممە ئادەم ئوخشاشلا غاپىل ۋە ئازغۇن بولۇۋەرمەيدۇ. شۇڭا، يۇقۇملانغانلارغا شەك-شۈبھە، شەھۋەت-زالالەت ۋىرۇسىنى ئۆلتۈرىدىغان دورا (ھىدايەت)نى بېرىش ساغلام ئادەملەرنىڭ ئىمانىي بۇرچىدۇر. روھىيەت كېسەللىكىدىن قۇتۇلالايدىغانلار ئەلۋەتتە جىسمانىي كېسەللىكلەردىنمۇ قۇتۇلالايدۇ.

كېسەل بىر ھادىسە، داۋالاش بولسا بىر سەۋەب، ئەمما بەزى كېسەللەر ساقىيىدۇ، بەزى كېسەللەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن كېسەللەرنىڭ ئەجىلى توشقان بولىدۇ(چۈنكى ئەجەل كېسەل ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك)، ساقايغانلارغا داۋالاش ئۈنۈم بەرگەن بولىدۇ. ئەجەل بولسا كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، قايسى كېسەل، قايسى ساق ئادەم قايسى ۋاقىتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. دوختۇرنىڭ دىئاگنوز قويۇپ بەرگەن دورىسى ئەجەلگە پايدا قىلمىسىمۇ كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. شۇڭا، داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىش كېرەك. داۋالىنىشنى رەت قىلىش جاھىللىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى **ئاللاھ تائالا ھەرقانداق كېسەلنى شىپاسى بىلەن چۈشۈرگەن، ئۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ، بىلمىگەنلەر بىلمەيدۇ**'' (ئەھمەد رىۋايىتى). بىلمەسلىك گۇناھ ئەمەس، ئەمما بىلىپ تۇرۇپ ساقايتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماسلىق ئېغىر گۇناھ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسى كەڭ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەتتا جان ئالىدىغان، دوختۇر داۋالىيالمايدىغان كېسەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوختۇر داۋالىيالمايدىغان كېسەللەرگىمۇ ئاللاھ تائالا ئەسلىدە ساقايتالايدىغان دورىلارنى ياراتقان. لېكىن، ھازىرچە مەزكۇر دورىلارنىڭ ئىلمىنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلاردىن يوشۇرغان ھەمدە ئاشۇ كېسەللەرنى ساقايتىدىغان ئۇسۇلنى ئۇلارغا بەخش ئەتمىگەن. ئاللاھ بىلدۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئىنسان ھەرگىز بىلەلمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شىپانى دورىنىڭ كېسەلگە مۇۋاپىق كېلىشىگە باغلاپ قەيت قىلغان. چۈنكى ھەرقانداق مەخلۇق(يارالغۇچى)نىڭ زىددى(قارشىسى) بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھەرقانداق كېسەلنىڭمۇ ئۆزىگە قارشى زىددى(دورىسى) بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دورىنىڭ كېسەلگە مۇۋاپىق كېلىشىنى ساقىيىشنىڭ شەرتى قىلىپ چۈشەندۈرگەن. دورا مىقدار، سۈپەت، تەبىئەت.....جەھەتلەردە كېسەلنىڭ دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتسە يەنە باشقا بىر كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئاز بولۇپ قالسا كېسەلگە كۈچى يەتمەيدۇ.شۇڭا، ۋاقىت، بەدەن، شارائىت قاتارلىق ئامىللار بىر-بىرىگە ئۇيغۇن بولغان شەرت ئاستىدا كېسەل ساقىيىدۇ.

بەزى كىشىلەر شەرت-شارائىتى تۇرۇپ كېسەلنى داۋالاتماي، تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىپ ھېچقانداق سەۋەب قىلماي ئاللاھ تائالانىڭ سەۋەبتىن ئىبارەت تەقدىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. مانا بۇ، تەقدىرگە ئىشىنىمەن دەپ تەقدىرنى ئىنكار قىلغانلىق. ئەبۇ خۇزامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ''مەن: 'ئى رەسۇلۇللاھ بىز ئوقۇغان رۇقيە(ئاغرىققا ئاللاھتىن شىپالىق تىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا)، بىز ئىشلىتىدىغان دورا، بىز قىلىدىغان ھوشيارلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بىرەر نەرسىنى توسۇپ قالالامدۇ؟' دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **'ئۇمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر'** دېدى''(تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەن بۇ ھەدىس سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ ئىسلامىي ئاساسىدۇر. كىمكى سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىپ سەۋەب قىلمىسا، ئۇ تەقدىرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەقدىر قانۇنىيەتتۇر. تەقدىر(بارچە شەيئىلەردىكى قانۇنىيەتلەر)نى پۈتۈن ئىنسانىيەت باشتىن-ئاخىر تەتقىق قىلىپ كۆزەتسىمۇ ئىگىلەپ بولالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئىقتىدار دائىرىسىدىكى جۈزئىي قانۇنىيەتلەرنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بىر دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەقلىي ھۆكۈم ۋە نەزەرىيەلەرنىڭ يەنە بىر دەۋردە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن غەيبىي(ئىنسانلار بىلەلمەيدىغان) نەرسىلەر ئۈستىدە چوقۇم ھەممىنى بىلگۈچى، شەيئىلەرنى يارىتىپ ئۇنىڭغا قانۇنىيەت بېكىتكۈچى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم.

بۇ يەردە داۋالاش بىلەن شىپانىڭ ئىككى ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش لازىم. داۋالاش بىر سەۋەب بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى سەۋەب قىلىشقا

www.uyghurkitap.com



بۇيرۇغان. شىپا بولسا بىر نەتىجە بولۇپ، ئۇ داۋالاشتىن ئىبارەت سەۋەبنىڭ نەتىجىسىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، كۆپىنچە داۋالاشنىڭ نەتىجىسى شىپا بولۇپ چىقىدۇ. بەزىدە زاھىرىي جەھەتتە ئۆلۈم بولۇپ چىقىدۇ. داۋالاش(سەۋەب) توغرا بولسا، گەرچە ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقسىمۇ داۋالىغۇچى بىلەن داۋالانغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئورۇنلانغان بولىدۇ. چۈنكى داۋالىغۇچى كېسەلنى ساقايتىمەن دەپ سەۋەب قىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئەجەلنىڭ كېسەلگە يوشۇرۇنۇپ كېلىشىنى بىلمەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىفرات(چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش) ۋە تەفرىت (سەل قاراش)تىن قەتئىي ساقلىنىپ، مۆتەۋەسسىت (ئوتتۇرا) يول تۇتۇش لازىم، يەنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ سەۋەب ھەممىنى مۇتلەق ھەل قىلىدۇ، بۇ كېسەل مۇتلەق ساقىيىدۇ دەپ ئۆز ئىلمىي دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاللاھقا خاس بولغان غەيبىي نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقنى جەزملەشتۈرمەسلىك ياكى سەۋەبنىڭ يەنى داۋالاشنىڭ پايدىسى يوق، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئاللاھ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ساقايتىۋېتىدۇ، دەپ سەۋەب قىلماي تەقدىرگە يۆلىنىۋالماسلىق، بەلكى بىر تەرەپتىن، ئاللاھتىن شىپالىق تىلەش يەنە بىر تەرەپتىن، سەۋەب قىلىشتىن ئىبارەت ئوتتۇرا يولنى تۇتۇش لازىم.

ئەجەل— ۋاقىت، مۇددەت، قەرەل دېگەنلىك بولۇپ، ئادەتتە ئۆمۈرنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتتا ئاخىرلاشقانلىقنى كۆرسىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ''**ئۇلارنىڭ ئەجىلى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ**'' {سۈرە «يۇنۇس»(10-سۈرە)، 49-ئايەت}. ''**ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن**'' {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 145-ئايەت}. مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا، ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە: ''ئى ئاللاھ! ئېرىم رەسۇلۇللاھ، ئاتام ئەبۇ سۇفيان، قېرىندىشىم مۇئاۋىيە بىلەن (ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىش ئارقىلىق) مېنى بەھرىلەندۇرگەيسەن!'' دەپ دۇئا قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ''**سەن ئاللاھتىن پۈتۈلۈپ كەتكەن ئەجەللەرنى، ساناقلىق كۈنلەرنى ۋە تەقسىملەنگەن رىزىقلەرنى (ئۆزگەرتىشنى) تىلىدىڭ. ئاللاھ ھەرگىزمۇ ھېچقانداق نەرسىنى ئەجىلىدىن بۇرۇن قىلمايدۇ ۋە كېچىكتۈرمەيدۇ. ئەگەر سەن ئاللاھتىن دوزاخ ئازابى ۋە قەبرى ئازابىدىن پاناھ بېرىشنى تىلىگەن بولساڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئەۋزەل بولغان بولاتتى**'' دېگەن(مۇسلىم رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەجەللىرىنى ئالدىنئالا پۈتكەن بولۇپ، ھەربىر مەخلۇق (يارىتىلغۇچى) ئەجىلى كەلگەندە ئۆلىدۇ(يوقىلىدۇ)، ئەجىلى توشماي تۇرۇپ بۇرۇن ئۆلمەيدۇ، ئەجىلى ئۆتۈپ كېتىپ كېيىن ئۆلمەيدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگۈچى ياكى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىمۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگۈچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئادەم كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇ ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىش سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇ قېرىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇ سۇغا چۆكۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇ ئوتتا كۆيۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش سەۋەبى بىلەن ئۆلىدۇ...... دەپ پۈتكەن. دېمەك، ھەرقانداق جانلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلىدۇ. سەۋەبسىز ھېچقانداق جانلىق ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىكنى ياراتقان ھەمدە ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىكنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ياراتقان.

كىشىلەر ئىستىخىيلىك ھالدا قەتلى قىلىنغۇچىنى ''بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى'' دېيىشىدۇ. بۇ بىر لەفزىي(سۆز جەھەتتىكى) خاتالىق ياكى ھەرىكەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ماھىيەت نەزەرگە ئېلىنماي ئېيتىلغان گەپ. شۇڭا، قەتلى قىلىنغۇچى ناھەق قەتلى قىلىنغان بولسا، ئۇنى'' بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى'' دېمەي '' ناھەق ئۆلۈپ كەتتى'' دېيىش توغرا، ئەگەر ئۇ ھەق قەتلى قىلىنغان بولسا، ئۇنى''ھەق ئۆلدى'' ياكى ''ئۇنداق ئادەم ئۆلسە بولىدۇ'' دېيىش توغرا. ئەقىدىۋىي مەسىلىلەردە لەفزىي خاتالىقنىمۇ يول قويماسلىق لازىم. ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى''بەختكە قارشى ۋاپات بولدى''دېيىش خاتا، چۈنكى ئۆلۈممۇ تەقدىر ۋە بەختتۇر. ئۆلۈمنىڭ بەخت دېيىلىشتىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ياخشى ئادەملەرنىڭ جەننەتكە داخىل بولۇش ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن مۇلاقات بولۇشتەك بەختكە ئېرىشىش مۇساپىسىدە ئۆتۈش مۇقەررەر بولغان باسقۇچتۇر (ئەلۋەتتە بەختسىزلەرمۇ بۇ باسقۇچتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس). ئىككىنچىدىن، ئۆلۈش ئۆز نۆۋىتىدە

ئەھمىيەتسىز ياشىغاندىن راھەتتۇر.‘‘داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى’’دېگەن سۆزمۇ لەفزىي جەھەتتە خاتادۇر. چۈنكى، داۋالاش يوللۇق سەۋەب. ئەمما ئۈلۈش بولسا ئەجەلدۇر. شۇڭا، بەختكە قارشى...، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي...دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىش مەنە خاتالىقىغا ئېلىپ بارىدىغان بىھۇدە سۆزلەر بولغاچقا ’’ۋاپات بولدى‘‘، ’’ئۇ ئالەمگە كەتتى‘‘، ’’ئالەمدىن ئۆتتى‘‘دېيىش توغرا.

دۇئا ئاخىرەتلىك غايە ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئۇممە ھەبىبە: ’’ئى ئاللاھ! ئېرىم رەسۇلۇللاھ، ئاتام ئەبۇ سۇفيان قېرىندىشىم مۇئاۋىيە بىلەن(ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىش ئارقىلىق) مېنى بەھرىلەندۈرگەيسەن!‘‘ دەپ دۇئا قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا’’سەن **ئاللاھتىن پۈتۈلۈپ كەتكەن ئەجەللەرنى، ساناقلىق كۈنلەرنى ۋە تەقسىملەنگەن رىزقلەرنى (ئۆزگەرتىشنى) تىلىدىڭ**‘‘(مۇسلىم رىۋايىتى) دېگەنلىكىدىن مەلۇمكى، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئالدىن تەقدىر قىلغان بولۇپ، دۇئا قىلىش تەقدىر(ئەجەل)نى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئەمەس، ئەمما ئاخىرەت ئازابىدىن نىجاتلىق تىلەپ دۇئا قىلىش خەيرلىكتۇر. دۇئا خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ’’**ئى ئاللاھ! سېنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىڭ، يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىڭ بىلەن قەسەم قىلىپ شۇنى تىلەيمەنكى، مەن ئۈچۈن ھاياتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنى ھايات قويغىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن**...؟!‘‘(ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى) دېگەن دۇئاسىدەك، بەندىنىڭ دۇنيادا كۆپرەك ياشاپ بارلىق يامان خاھىش، يامان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىپ ئىنچىل ھالدا، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت ئاخىرەتلىك غايە ئۈچۈن بولسا، ئۇ ئەھمىيەتلىك بولغان دۇئادۇر. ئەكسىچە، دۇنيادا كۆپرەك ياشاپ ئاتالمىش ’’ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش‘‘ غايىسى ئۈچۈن بولسا، ئۇ شەرىئەت روھىغا ئۇيغۇن بولمىغان دۇئادۇر. مەزكۇر ھەدىس كىشىگە دۇنيادا ئەھمىيەتلىك ياشاشتەك قەتئىي ئىرادە ۋە يۈكسەك ئالىيجاناب روھ ئاتا قىلىپ، ھاياتلىق مىزانى بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا كىشى مەيلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، مەيلى قىسقا ئۆمۈر كۆرسۇن، گەپ ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا ھەقىقىي مەنە ئاتا قىلالىشى ۋە قىلالماسلىقىغا باغلىق.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئىككى ھەدىسنى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، ئالدىنقى ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلىيسىدە بىلگەن تەقدىرنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئەسكەرتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادا پەقەت ئۇزۇن’’ياشاش‘‘نىلا مەقسەت قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە ئىشارە قىلىنغان بولسا، كېيىنكى ھەدىستە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىۋېلىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەجەل(تەقدىر)نىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەت-ھەدىس بىلەن ’’**ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ**‘‘ {سۈرە«رەئد»(13-سۈرە)، 11-ئايەت} دېگەن ئايەتنى بىر-بىرىگە زىت قىلىپ قويۇشقا، تەقدىر ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ دەپ بارلىق يوللۇق ئىشلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا يولىدا دۇئا قىلماسلىققا، ياخشى ئەمەل قىلماسلىققا باھانە ئىزدەشكە، شۇنداقلا تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، دۇئادا ئاخىرەتلىك غايە مەزمۇن قىلىنغان بولسا ئۇ ئەھمىيەتلىك دۇئا بولغان بولىدۇ، دېگەندىن ھەرگىز دۇئا ئاخىرەتلىك دۇئا ۋە دۇنيالىق دۇئا دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقمايدۇ. چۈنكى دۇنيا ئاخىرەتنىڭ مۇقەددىمىسى. ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشى دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىق. بىراۋ دۇنيالىق ئىشلىرى(تۇرمۇش ئىشلىرى) بىلەن كارى بولماي، پەقەت ئاخىرەتلىك ئىشلىرى(مەخسۇس ئىبادەت)بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى ئاخىرەتلىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ’’**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن(ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ)ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**‘‘ {سۈرە «قەسەس»(28-سۈرە)، 77-ئايەت} دېگەن ئايەت بىلەن ’’**دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن ئىشلە خۇددى مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىشلە خۇددى**

www.uyghurkitap.com

**ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك** ‘‘دېگەن ئەسەر*بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشى دۇنيادىكى بارلىق يوللۇق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قىلسا، ماھىيەتتە دۇنيالىق ئىشلارمۇ ئاخىرەتلىك ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىشلىرى شۇ كىشىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. **‘‘مەن مۆمىننىڭ ئىشىغا ھەيرانمەن (مەستىلىكىم كېلىدۇ)، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ياخشىدۇر. بۇ پەقەت مۆمىنگىلا خاستۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلسە شۈكرى قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ؛ ئەگەر خاپىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ’’**(مۇسلىم رىۋايىتى). دېمەك، مۆمىن ھالال يول بىلەن يېيىشمۇ، ئىچىشمۇ، كەتمەن چاپىشمۇ، پۇل سانىشمۇ، چوت سوقۇشمۇ، خوتۇن-بالىلىرىغا يوللۇق چاقچاق قىلىشمۇ...ھەممىسى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە زىت قىلىپ چۈشىنىۋالماستىن، بەلكى ئىككىلىسىنى بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ چۈشىنىش لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىككىلا ئالەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن بولغاچقا، بىر تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلىپ يەنە بىر تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە ئىسلامي ماھىيەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ’’... **بەزى كىشىلەر: ’ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە(نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن‘دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە(ياخشىلىقتىن)ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: ’پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن‘دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول**

**مېۋىسىنى كۆرىدۇ’’** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 200-202-ئايەتلەر}. **’’ئى ئاللاھ! ماڭا مېنىڭ ئىشىمنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان دىنىمنى ياخشى قىلغىن، ماڭا مېنىڭ تىرىكچىلىكىم (ئۆتىدىغان) دۇنيارىمنى ياخشى قىلغىن، ماڭا قايتارگاھىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلغىن، ماڭا ھەر قانداق ياخشىلىقتا ھاياتىمنى زىيادە قىلغىن، ماڭا ھەر قانداق يامانلىقتىن ئۆلۈمنى راھەت قىلغىن’’**(مۇسلىم رىۋايىتى).

تەقدىر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەزەلدە پۈتۈلگەن ئەجەل ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئەزەلدە ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن ھەم ئۇنىڭ ئۆمرىنى شۇنداق بېكىتكەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەۋەب نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ھەر قانداق ئىشنى سەۋەبكە باغلاپ تەقدىر قىلغان. شۇڭا بۇ ئالەم سەۋەبنىڭ ئالىمى دەپ ئاتالغان.

بەزىدە كىشىلەر مۇسىبەتتىن كېيىن قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىدۇ، كۇفرانى گەپلەرنى قىلىپ ئۆز ئەقىدىسىنى بۇزىدۇ ھەمدە ’’سەن بىزنى ئەجەب تاشلاپ كەتتىڭغۇ! ئەجەب ياش كەتتىڭغۇ! خۇدايىم ئۇنى ئېلىپ كەتكىچە مېنى ئېلىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟! نېمە كەلگۈلۈك بۇ؟! ۋاي يۈرەك باغرىم، ئۇنداق قىلغان بولسام ئۆلمەيتتىڭ ياكى مۇنداق قىلغان بولسام ئۆلمەيتتىڭ!’’ دېگەندەك مۇسىبەتنى كەينىگە ياندۇرالمايدىغان بىر قاتار سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن، ئەقىدە جەھەتتە خاتالىشىدۇ. ئىككىنچىدىن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىدۇ. چۈنكى قېرىپ ياكى ياش ئۆلۈش شۇ كىشىگە پۈتۈلگەن ئەجەلدۇر. ئۆلۈش، يارىلىنىش ھەتتا يىقىلىپ چۈشۈش، پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىش قاتارلىقلارمۇ مۇسىبەتتۇر. بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا: ’’مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، نېمىشقىمۇ مېنى مۇشۇنداق ئازاب-كۈلپەتكە سالىسەن’’دەپ ئاللاھ تائالادىن زارلىنىشمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ’’ **بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم**

---

* ئەسەر — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ساھابىلارنىڭ سۆزى كۆزدە تۇتۇلغان، مەزكۇر ئەسەر ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ سۆزىدۇر.

**سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا(جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار:' بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىز(يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز' دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۇچىلەردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر''** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 155—157-ئايەتلەر} دېگەن. شۇڭا ھەر خىل ئازاب-ئوقۇبەت، پېشكەللىكلەر سىناق ۋە ئىبرەتتۇر. سىناق ۋە ئىبرەت مۇۋازىنەتنى ساقلاش جەھەتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدۇر. ئىبرەت كۆزىنى ئېچىپ سىناققا بەرداشلىق بېرىش ئاقىۋەت كىشىنى چەكسىز بەختكە ئېلىپ بارىدۇ. بىمار ئادەمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي: ''مېنى قىينىماي بالدۇرراق ئېلىپ كەتسەڭچۇ؟''دەپ زارلىنىشىمۇ خاتادۇر. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئەجىلى توشمىغان.

ئىمانلىق ئادەملەر مۇسىبەتكە سەۋر قىلىدۇ، تەقدىرگە ئىشىنىدۇ. ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن بىھۇدە زارلىماي، جايىدا قىلالمىغان سەۋەبلىرىدىن ياكى خاتا داۋالاشتىن ئىبرەت ئالىدۇ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار بولىدۇ. مۇسىبەتكە قايغۇرمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. بۇ بىر نورمال ئەھۋال، ئەمما مۇسىبەتكە توغرا پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ھەدىس بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ''مەن ئۇ(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم)نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قىينىلىۋاتقانلىقى(جان تالىشىۋاتقانلىقى)نى كۆردۈم، **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرى ياش تۆكمەكتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'كۆز ياش تۆكىدۇ، يۈرەك غەمناك بولىدۇ. بىز پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنى رازى قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىمىز. ئى ئىبراھىم! ھەقىقەتەن بىز سەن(سېنىڭ ئۆلۈمىڭ)بىلەن قايغۇغا چۆمدۇق' دېدى''** (ئەھمەد رىۋايىتى).

تەقدىردىن قاقشىماي، ئۆزىنىڭ قىلىپ سالغان خاتا سەۋەبلىرىدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىپ، تەقدىر-قىسمەتكە رازى بولۇشتىن ئىبارەت توغرا پوزىتسىيىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئەستايىدىل تونۇپ يېتىشى لازىم. تەقدىر قانۇنىيەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ قانۇنىيەتنى ئالدىنئالا بېكىتكەن. تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلاردىن يوشۇرغان سىرى بولغاچقا، بۇ ھەقتە پىكىر قىلغانلار ئۆز خاھىشى بويىچە پىكىر قىلىپ ئاسان خاتالىشىدۇ، بىلگەن نەرسىسى ئۆزىگە جىق ھەم توغرا بىلىنىپ تېخىمۇ ئازىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا چوقۇم: '' **ئى پەرۋەردىگارىم! سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن''** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 32-ئايەت} دېيىش كېرەك.

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستازى.


تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى

## ئەھلى بەيت

''ئۆي خەلقى'' مەنىسىدە كېلىدىغان''ئەھلى بەيت'' ئۆيدىكى ئەرنى، ئايالىنى، بالىلىرىنى، نەۋرىلىرىنى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال ئەرەب جەمئىيىتىدە قەبىلىنىڭ ھۆكۈمران ئائىلىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ تەبىر ئىسلامىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بۈگۈنگە قەدەر پەقەت سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسى ۋە نەسەبىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىپ كەلدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايىتىدە زىكرى قىلىنغان''ئەھل'' سۆزى'' ساھىب، تەرەپتار'' دېگەندەك لۇغەت مەنىسىدىن باشقا'' بىر ماكاندا تەڭ ياشايدىغانلار، بىر دىنغا ئىشىنىدىغانلار ۋە ئۆي ئايالى'' دېگەن مەنىدە كېلىدۇ؛ ''بەيت'' سۆزى بولسا'' ئۆي، ئاللاھنىڭ ئۆيى'' ۋە''ئائىلە'' مەنىلىرىدە كەلمەكتە. ھەدىس مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسىدە ئەھلى بەيت ساھابىلارنى، كۆپلىرىدە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىپادىلىمەكتە. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

www.uyghurkitap.com



# ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر ھەققىدە

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۆمىنلەر ھاياتىنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ۋە دائىم تىلدا ئىشلىتىدىغان ''ئىبادەت'' ئاتالغۇسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ''ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، بەندىچىلىك قىلىش'' مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ مەشھۇر قامۇسى ھېسابلانغان «محيط القاموس» (مۇھىتۇلقامۇس)نىڭ ئاپتورىمۇ ئىبادەت سۆزىنى يۇقىرىقىدەك مەنىلەردە ئىزاھلايدۇ. بۇ ئىبادەت سۆزىنىڭ نوقۇل تىل قاتلىمىدىكى مەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى مۇشۇ ئاساستا ئۆزگىچە تېخىمۇ كەڭ مەنىلەرنى جۇغلىغان. ئىبادەت — بەندىنىڭ ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن بويسۇنۇشى، ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىشىدۇر. ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد غەززالى «بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز» ناملىق كىتابىدا ئىبادەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **''ئىبادەت — ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ئالاقە بولۇپ، بۇ خىل ئالاقە ھېچقانداق ۋاسىتىگە ھاجەت ئەمەس. بەندە ناماز ئوقۇماقچى بولسا ئۇنى ئاللاھقا يۈزلىنىپ ئىلتىجا قىلىشتىن ھېچقانداق ئىنسان ياكى پەرىشتە توسالمايدۇ. گۇناھ پاتقىقىدا نادامەت چەككەن بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمەت مەغپىرەت ئىشىكىنى چېكىشىگە ھېچبىراۋنىڭ ھەمراھلىقى كېرەك ئەمەس، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى: ''ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار(يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار''** {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 1-2-ئايەتلەر}. **''ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار. ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر. (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟''** {سۈرە «فاتىر»(35-سۈرە)، 3-ئايەت}. **''ئاللاھنىڭ خىتابىدالىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇھەببەت ۋە رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر''** (ھەدىس).

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ ئادەمنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان: **''جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر''** {سۈرە «زارىيات»(51-سۈرە)، (56—58-ئايەتلەر}.

ئىبادەتنىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى باياندىنمۇ ياخشى ئىپادىلىگۈچى سۆز تېپىلمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەت نۇرلىرىدا بىر ئاتا، بىر ئانىدىن يارىلىپ يەر يۈزىگە تارالغان ئىنسانلارنىڭ بايلىق، تەبىقە، نەسەپ، ئىرق پەرقلىرىدىن خالىي ھالدا تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ئەكس ئېتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇقلۇقى، ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ قىلغان تائەت-ئىبادەتلىرى، ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بولىدىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئىنسانىي قىممەت روھىنى نامايەن قىلىدۇ. ئىبادەت — ئادەمنى يارىتىشتىكى مەقسەت. ئىبادەت قۇلغا پادىشاھلارچە ئىززەت-ھۆرمەت، قارا تەنلىك كىشىگە يۈز-قوللىرىدا پارلاپ تۇرىدىغان ئاپئاق نۇر بەخش ئېتىدىغان ئالتۇن تاج. ئىبادەت ھېچنېمىسى يوق نامراتقا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بايلىقلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەجىر خەزىنىسى ئاتا قىلىدىغان ئەنگۈشتەر. ”**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر**“ {سۈرە«ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 13-ئايەت}. ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھىنىڭ جەننەت ياكى جەھەننەم بولىدىغانلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالغۇچى ئىبادەتنى ئىنسان ھاياتىنىڭ بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇلاسىلىنىشى دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. شۇڭا ئىبادەت بىلەن ئوخشاش بىر تۈپ سۆزدىن كېلىپ چىققان ”عبد“ (ئابدۇ، يەنى بەندە، قۇل) سۆزى ئىنساننىڭ خارلىقى، بىچارىلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۆز ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسىگە مۇھەببەت بىلەن ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئىنسانغا ھۆرمەت ۋە شەرەپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ تاللانغان پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ بەندىلىرىنى ھۆرمەت ۋە يېقىنلىق تۇيسىدە ”**بەندىلىرىم**“ دەپ ئاتىغانلىقى بۇنىڭ تىپىك دەلىلىدۇر. ”**ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن**“ {سۈرە«ساد»(38-سۈرە)، 45-ئايەت}؛ ”**سۈلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (ئاللاھقا) ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى**“ {سۈرە«ساد»(38-سۈرە)، 30-ئايەت}، ”**(ئۇلارغا) 'بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم-قايغۇمۇ يوق(دېيىلىدۇ)**“ {سۈرە«زۇخرۇف»(43-سۈرە)، 68-ئايەت}.

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە شۇنداق دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇيدۇ: ”**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنىڭغا(يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن'**“ {سۈرە«ئەنئام»(6-سۈرە)، 162-، 163-ئايەتلەر}.

”شەيخۇلئىسلام“ دەپ نام ئالغان كاتتا ئالىم ئىبنى تەيمىيەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھلەپ بېرىدۇ: ”ناماز، روزا، زاكات، ھەج-ئۆمرە، دۇئا، زىكرى-تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، سەممىي بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سىلە-رەھىم قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش... ھەممىسى ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدۇر. يەنە ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازايى قەدەرگە رازى بولۇش، ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىبادەت — ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان بارلىق ئاشكارا-يوشۇرۇن سۆز-ئەمەللەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر“.

مۇسۇلماننى پەقەت مەسچىتتە، جايناماز ئۈستىدە، ھەج مەزگىلىدىلا ئەمەس بەلكى ھاياتىنىڭ ھەر بىر نەپەس، ھەر بىر تىنىقىدا، ھەر زامان، ھەر ماكاندا ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغا مەھكەم باغلايدىغان بۇ خىل رىشتە ئىبادەتنىڭ بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى دائىرىدىن ھالقىغان ناھايىتى كەڭ مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە روھىغا ئاساسلانغاندا ئىبادەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. خاس مەنىدىكى ئىبادەت

بۇ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇيرۇغان. ئادا قىلىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇسۇللىرى، شەكلى، ۋاقتى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش شەرىئەت ئەھكاملىرىدۇر. بۇ ''ئىبادەت'' سۆزى تىلغا ئېلىنىش بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى ئەسلى مەنىدىكى ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىسى ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەرنى مەركەزلىك بايان قىلغان. **''ئىسلام دىنى مۇنداق بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلار: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، ئىمكانىيىتى يار بەرسە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت''** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

خاس مەنىدىكى ئىبادەت تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) **تاھارەت:** تاھارەت ئىسلام دىنى ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، تاھارەت — ناماز، قۇرئان ئوقۇش، ھەج پائالىيىتىدىكى كەئبىنى تاۋاب قىلىشتەك مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس ۋە مەقبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى ۋە ۋاستىسى. **''ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ''** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 222-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **''تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى''**؛ **''نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، تاھارەتسىز بەندىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ''**.

فىقھى ئىلمى مەزمۇن ئېتىبارىغا ئاساسەن ئىبادەت قىسمى ۋە مۇئامىلە قىسمى دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېزىلغان ۋە يېزىلىۋاتقان فىقھى كىتابلىرىنىڭ ئىبادەت قىسمىنىڭ بىرىنچى بېتى تاھارەت بابىدىن باشلىنىدۇ. ''تاھارەت'' ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ''پاكىزلىق، پاكلانماق'' مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى بولسا بەدەننىڭ نىجاسەت ۋە مەينەتچىلىكلەردىن پاك سۇ بىلەن پاكلىنىپ ئىبادەتكە لايىقلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە) نىڭ 6-ئايىتىدە تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى ئارىسىدىكى مۇجمەللىكتىن خالىي، ئىنچىكىلىك، ئەمەلىيەتچانلىق خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ تاھارەتنىڭ فەزلى-ساۋابى بايان قىلىنىش بىلەن مۇسۇلمانلارنى ھەر ۋاقىت تاھارەت بىلەن پاك ھالەتتە يۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''سىلەرنىڭ بىرىڭلار تولۇق **تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەيدىكەن، ئۇ كىشىگە سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئۇ خالىغان ئىشىكتىن كىرەلەيدۇ''** (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ''**كىمكى تولۇق تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ گۇناھ - خاتالىقلىرى بەدىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ**'' (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

2) **ناماز:** ناماز ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلغان ئىبادەت بولۇپ، قۇرئاندىكى 100 دىن ئارتۇق ئايەتتە زىكرى قىلىنغان. رەسۇلۇللاھمۇ نەچچە يۈزلىگەن ھەدىسلىرىنى نامازنىڭ فەزلى-ئەجرىنى بايان قىلىشقا خاس قىلغان. نامازنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ۋە مۆمىنىنىڭ ھاياتىدا تۇتقان ئورنى، ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىغا باشقا ھېچبىر ئىبادەتنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئىسرا-مىئراج كېچىسىدە بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بېكىتىلگەن ئىبادەتلەرنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ. ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، مۆمىنىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋاستىسى، بەندىنى ئاللاھقا مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە. تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارغا تولغان ھايات دولقۇنىدا تىرمىشىپ يۈرگەن ئىنسانغا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ پاناھلىق تىلەيدىغان، خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان نامازدىنمۇ ئېسىلراق روھىي ئوزۇق بارمۇ؟ چۈشكۈنلۈك، مەنىسىزلىك قاراڭغۇلۇقىدا روھىي تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان زامانىۋى دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن، قەلبلەرنى ياشارتىپ يۈكسەك روھىي ھايات بەخش ئېتىدىغان نامازدىنمۇ ئوبدانراق پىسخىك تەڭشىگۈچ بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىلا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتى ۋە ''**ناماز بىلەن ئەجەبمۇ راھەتلىنىپ**

يەڭگىللەپ قالدىم'' دەيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۈممىتىگە قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتىمۇ يەنە شۇ **''ناماز! ناماز! نامازغا مەھكەم يېپىشىڭلار!''** ئىدى. ناماز يەنە شەخسىي ئىبادەتلا ئەمەس، كىشىلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلارچە مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدىغان ئىجتىمائىي باغلانمىلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىكى جامائەت نامىزىغا دەۋەت قىلغان، جامائەت نامىزىنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى نامايەن قىلىنغان بايانلار بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

3) **روزا:** روزا ئىسلام دىنىنىڭ بەش مۇھىم ئەركانىنىڭ بىرسى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا روزىنى پەرز قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **''ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى''**{سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 183-ئايەت}. روزا بەندىنىڭ ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر يېيىش-ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە روزىنى بۇزغۇچى باشقا ئامىللاردىن ئۆزىنى ساقلىشىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ بىرسى ھېسابلانغان روزا ھىجرەتنىڭ 2-يىلى پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن. رامىزان ئېيى ئايلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئاي. ياخشىلىق ۋە بەرىكەتكە تولغان ئاي، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. بىر كېچىلىك ئىبادىتى مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ئارتۇق سانالغان قەدىر كېچىسىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى 10 كېچىسى ئىچىدىكى بىر كېچە.

روزىدارنىڭ پەزلى-ساۋابىنىڭ كاتتىلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: 'ئادەم بالىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈن، پەقەت روزىلا مەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن. روزا بەندەمنى دوزاختىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. بىرىڭلار روزا تۇتقاندا سەت گەپ قىلمىسۇن، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلمىسۇن. ئەگەر بىرەرسى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا 'مەن روزىدارمەن' دېسۇن، مۇھەممەدنىڭ** جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. روزىدار ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئېغىز ئاچقاندىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان ساۋابنى كۆرگەندىن كېيىنكى خۇشاللىق' ''؛ رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: **''كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى شۇ روزا سەۋەبلىك دوزاختىن 70 يىللىق يىراقلاشتۇرىدۇ''**.

روزا گويا بىر مەكتەپ بولۇپ، مۆمىن ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. ھەر ۋاقىت، ھەممە يەردە پەقەت ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدەك ئىشەنچ مۆمىننى ھەقىقىي تەقۋادارلىققا، سەۋرگە يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. كەمبەغەل-مىسكىنلەرنىڭ ئاچلىق، موھتاجلىقىنى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزۈش كىشىنى شەخسىيەتچىلىكتىن ساقلاپ باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، خەير-ئېھسان قىلىشقا ئۈندەيدۇ. روزىنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرىدىن بىرى، ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئادىللىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا مېھرىبانلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ. جەمئىيەتنى يامانلىق، بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلايدۇ. روزىنىڭ كىشىنى نورمال ئوزۇقلىنىش، سەمرىپ كېتىش ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلاشتەك تەن ساغلاملىقىغا بولغان پايدىسى دەل ھازىرقى تېبابەت ئىلمىدا تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ئوزۇقلىنىش پرىنسىپىدۇر.

4) **زاكات:** زاكاتنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى ''پاكلىنىش، كۆپىيىش، زىيادە بولۇش'' بولۇپ، بۇ زاكاتنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى بىلەن زىچ باغلانغان. تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ خىل باغلىنىش ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن: **''ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن''**{سۈرە«تەۋبە»(9-سۈرە)، 103-ئايەت}. زاكات ئاللاھ تائالا مال-مۈلكى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن مىقدارغا يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دىكى 32 يەردە زاكات ناماز بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ **''نامازنى ئادا**

**قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار**“ دېگەن ئەمرى خېلى كۆپ يەرلەردە ئۇچرايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنى بايان قىلغان ھەدىسىدە نامازدىن كېيىنلا زاكاتنى سانىغان. زاكات ھىجرەتنىڭ 2-يىلى پەرز قىلىنغان. زاكات بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن قىلىدىغان ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئىبادىتى ھېسابلىنىدۇ. مال-مۈلكى قانچىلىك مىقدارغا يەتكەن كىشىگە زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى، ئالتۇن-كۈمۈش، نەق پۇل، تىجارەت ماللىرى، ئاشلىق، قوي-كالا، ئات-تۆگە، يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن قانچىلىك زاكات ئايرىش كېرەكلىكى ۋە زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر شەرىئەتتە تەپسىلىي بەلگىلەنگەن. بۇلار فىقھى كىتابلىرىدىكى زاكات بابىنىڭ ۋە ئىسلام ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

زاكاتنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ زاكات بەرگۈچىنى بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن ساقلايدۇ. زاكاتنى ئالغۇچى كەمبەغەل-مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق، مېھرىبانلىق كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. زاكات ئارقىلىق پۇل-مال چەكلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا توپلىنىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى مەركەزلىشىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەت قولىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

5) **ھەج**: ئاللاھ تائالا ھەجنىڭ مۇسۇلمانلارغا شەرتلىك پەرز قىلىنغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. ”**ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا(ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي(يەنى بەيتۇللا) مەككىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر، ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ، قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى**“ {سۇرە«ئال ئىمران»(3-سۇرە)، 96-، 97-ئايەت}.

ئەقلى ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ھۆر مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز، ھەج مەزگىلىدىن باشقا چاغدا ھەج قىلىشى ئۆمرە بولۇپ، تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ھەج ھىجرىيىنىڭ 4-يىلىنىڭ ئاخىرى(مىلادىيە 626-يىلى 12-ئايدا) پەرز قىلىنغان ۋە ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى(مىلادىيە 630-يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى باشلاپ ھەج تاۋاب رەسمىيىتىنى ئادا قىلغان. ھەجدە ناماز، دۇئا-زىكىر، سەدىقىدەك ئىبادەتلەرنىڭ كۆپىي جەملەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەۋزەل ئىبادەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پەزلى-ساۋابى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. ”**ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، راۋۇرۇس قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر**“ (ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ” **كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق كۈنىدىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ**“. “(ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەج مۆمىنىنى سەۋرگە، جاپاغا چىداش روھىغا يېتەكلەيدۇ؛ نەپسىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن، بېخىللىقتىن پاكلايدۇ. ئىنساننى دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىگە، مال-دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ. ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىۋى، ۋاقتى ناھايىتى ئېنىق بېكىتىلگەن ھەج پائالىيىتى كىشىگە ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتىنى قايتا تونۇتىدۇ.

ھەج گويا ھەر يىلى ئېچىلغان خەلقئارالىق يىغىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئارا ئۇچرىشىش، چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىشتەك دىنىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

6) **«قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش**: ئاللاھ تائالا روشەن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى سۈپىتى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتى، غايىسى ۋە تەلىپى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. ھاياتقا كۆز ئاچقان ھەر بىر ئىنساننىڭ ”نەدىن كەلدىم، نەگە بارىمەن، نېمە ئۈچۈن؟“ دېگەن سوئالىغا مۇكەممەل جاۋاب بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ھاياتلىق مىزانى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئاننى ئوقۇش بىلەن قاراڭغۇ دىللار يورۇيدۇ، غەمناك كۆڭۈللەر شادلىنىدۇ، تېڭىرقىغان ئەقىللەر نىجاتلىق تاپىدۇ، قىينالغان جانلار ئارام تاپىدۇ. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت-ساۋابى بىرلەشكەن ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان ئوقۇشنىڭ ۋە ئۆگىنىش-ئۆگىتىشنىڭ پەزلى. قارىيلارنىڭ ئاخىرەتتىكى يۇقىرى دەرىجىسى ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەلىف، لام، مىمنى ئوقۇغانغا بىر ياخشىلىق ئەمەس، ئەلىف ئۈچۈن ئون ھەسسە، لام ئۈچۈن ئون ھەسسە، مىم ئۈچۈن ئون ھەسسە ياخشىلىق يېزىلىدۇ"**(ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). **"سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر"** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى قۇرئاننى سۈرئەت قوغلىشىپ ئەمەس، ئەقىل كۆزى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. ساھابىلارمۇ قۇرئاننىڭ ھەر بىر ئايىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاشنى مۆمىنلىك خىسلىتى دەپ بىلەتتى ۋە شۇنداق قىلىشتا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. بەزىلىرى ھەر كۈنى قۇرئاندىن بىر پارە ئوقۇپ، 30 كۈندە بىر قېتىم قۇرئاننى تاماملىسا، يەنە بەزىلىرى كۈنىگە ئىككى پارىدىن ئوقۇپ 15 كۈندە بىر قېتىم، ھەتتا بەزىلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم تاماملايتتى.

**7) ئاللاھنى زىكرى قىلىش(ئاللاھنى ياد ئېتىش)**. ئاللاھ تائالا جەننەتكە لايىق مۆمىن بەندىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئەۋزەل ئىبادەت بىلەن باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار"** {سۈرە«ئەھزاب»(33-سۈرە)، 41-، 42-ئايەتلەر}. **"ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى"** {سۈرە«ئەھزاب»(33-سۈرە)، 35-ئايەت}. ئىنساننىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە، ھەممە خىل ھالەتتە ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى تۈزەپ ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تەقۋادارلىق مەنبەسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ساناپ، شۇلار قاتارىدا **"خالىي ھالدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ كۆزىدىن ياش تۆككەن ئادەم"**نى تىلغا ئالغان. ئاللاھنى زىكرى قىلىشنىڭ شەكىل-ھالەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۇسۇلمان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇپ تۇرىدىغان زىكرى-تەسبىھ، ھەمدۇ-سانالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۇئالار كەلگەن.

ئاللاھ تەرىپىدىن قەتئىي رەۋىشتە بەلگىلەنگەن، ئادا قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكۈچى جازالىنىدىغان ئىبادەتلەر پەرز ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسى تۇتۇش، شەرتى توشقان كىشىنىڭ زاكات بېرىشى ۋە ھەج قىلىشى مانا مۇشۇ پەرز ئىبادەتلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى، مۇھەببىتىنى تىلەپ ئاللاھقا يېقىنلىشىش، تېخىمۇ تەقۋادارلىق قىلىش ئۈچۈن نەپلى ئىبادەتلەرنىڭ دەرۋازىسىنىمۇ كەڭ ئېچىپ بەرگەن. نەپلى ئىبادەت تەرك ئەتكۈچى جازالانمايدىغان، ئەمما ئادا قىلغۇچىغا زىيادە ئەجىر بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. چاشگاھ نامىزى، تەھەججۇد نامىزى، تەسبىھ نامازلىرى، ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرى(13-، 14-، 15-كۈنلىرى) ۋە ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش، خەير-ئېھسان، سەدىقە قىلىش قاتارلىقلار نەپلى ئىبادەتلەر دائىرىسىدىندۇر. پەرز ئىبادەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ، ئۇ بىنانىڭ ئاساسى، ئۇلى بولسا، نەپلى ئىبادەتلەر شۇ بىنانى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان تولۇقلىما ھېسابلىنىدۇ. نەپلى ئىبادەتلەرنى قىلغۇچىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئەجرىنى تۆۋەندىكى ھەدىسى قۇددۇس ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **"ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 'بەندەم مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنى قىلىپ ماڭا يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا نەپلى ئىبادەتلەرنى قىلىۋەرگەنلىكتىن ماڭا يېقىنلىشىپ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، ئەگەر مەن بەندەمنى ياخشى كۆرۈپ**

**قالسام، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى بولۇپ قالىمەن. ئەگەر بەندەم مەندىن پاناھلىق تىلىسە، مەن ئۇنى ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن، ئەگەر مەندىن نېمىنى سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىمەن'»** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

## 2. كەڭ مەنىدىكى ئىبادەت

ئىسلام دىنى زامان، ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىغان، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ، ھەر بىر تەرەپلىرىگىچە تۇتاشقان دىندۇر. ئۇنىڭ غايىسى ۋە مەقسىتى بولسا مۇسۇلمانىنىڭ بارلىق ھاياتى پائالىيەتلىرى ئىمان يىلتىزىدىن شاخلاپ چىققان بولۇشى، ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغان كونكرېت كۆرۈنۈشى بولۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولىدىغان مۆمىنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ، بۇ يەنە مۆمىنلەرگىمۇ قىلىنغان ئورتاق خىتاب ھېسابلىنىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى: 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر'»** {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 163-ئايەت}.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانىنىڭ مەسچىتتە، جايىنامااز ئۈستىدە، ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندا، رامىزان ئېيىدىلا تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆيدە، يولدا، خىزمەتتە، رامىزان ئېيىدىن باشقا بارلىق ئايلاردا، مەككىدە، مەدىنىدە، ئۆز يۇرتىدا، ھاياتىنىڭ ھەر بىر لەھزە ھەر بىر تىنىقلىرىدا ئاللاھنى ياد ئېتىشىنى، ئاللاھقا باغلىنىشىنى، ئاللاھ رازىلىقىنى بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مەقسىتى قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىبادەت ناماز، روزا، زاكاتتىن ھالقىغان تېخىمۇ كەڭ مەنىلەرگە ئىگە. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. **«كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا سەپەر قىلىدىكەن، ئۇ تاكى قايتقىچە ئاللاھنىڭ يولىدا ھېسابلىنىدۇ»** (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ، **«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 104-ئايەت}؛ ھالال كەسىپ بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىش ئىبادەت سانىلىدۇ، **«ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا ھېرىپ-چارچىغانلىقىنى كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ»** (دەيلەمى رىۋايەت قىلغان)؛ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ، **«ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرى ئادىل ھۆكۈمراندۇر»** (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىشىمۇ ئىبادەت، پەرزەنتلەرنى ئوبدان، يارامىلىق تەربىيىلەشمۇ ئىبادەت، **«سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار پادىچىغا ئوخشايسىلەر، پادىچى ئۆز پادىلىرى ھەققىدە سورالغاندەك سىلەرمۇ مەسئۇلىيىتىڭلار ھەققىدە سورىلىسىلەر، پادىشاھ پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەر كىشى پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە سورىلىدۇ. ئايال كىشىمۇ پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالىلىرى ھەققىدە سورىلىدۇ»** (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىش ئىبادەت، ئاجىز-موھتاجلارغا ياردەم بېرىشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بەندىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىنى مۇشۇنچىۋالا كەڭ ئاچقان ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەنمۇ مەدھىيىگە لايىقتۇر.

## ئىبادەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەتلەر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، تۆۋەندە بۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1) بەندىنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلغاندا ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ۋە جازاسىدىن قورقۇشنى پەقەت يېگانە ئاللاھقىلا خاس قىلىشى تەۋھىد ئەقىدىسى بولۇپ، بۇ ئەقىدە ئىبادەتلەردە تولۇق ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئاللاھ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغاندىلا بەندىنىڭ ئىبادەتلىرىگە ئەجىر-

ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەمما دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەت ياكى كىشىلەر ئالدىدا ماختىنىش ۋە ياكى بىراۋلارنىڭ شەررىدىن قورقۇش يولىدا قىلىنغان رىياكارلىقلار ئىبادەتنىڭ بارلىق ساۋابىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ۋە رازى بولىدىغان ئىبادەتلەر دەل سۈرە «فاتىھە»دىكى "(**رەببىمىز) پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" ئايىتىنى ئۆزىنىڭ جېنى-روھى قىلغان ئىبادەتلەردۇر. مەشھۇر ئالىم فۇزەيل ئىبنى ئىياز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ئىبادەت-ئەمەللەرنى كىشىلەر ئۈچۈن قىلىش رىيادۇر، كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنى تەرك ئېتىش شېرىكتۇر، ئاللاھ تائالا ئىخلاس ئارقىلىق سېنى يۇقىرىقى ئىككى خىل گۇناھتىن ساقلايدۇ".

2) ئىسلام شەرىئىتىدىكى بارلىق ئىبادەتلەر ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئالاقە بولۇپ، ھېچقانداق ۋاستە-ياردەمچىگە موھتاج ئەمەس. بەندە قاچان، قەيەردە بولمىسۇن، ناماز، دۇئا ئارقىلىق ئاللاھقا يۈزلىنەلەيدۇ. ئاللاھتىن مەغپىرەت-رەھمەت تىلىگەن كىشىگە ھېچبىراۋنىڭ ھەمراھلىقى، ياردىمى كېرەك ئەمەس، پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن بەندىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاللاھقا يېتىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان پەردە يوق. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن(يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن**" {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 186-ئايەت}.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى ئۇنىڭ قانداقمۇ كاھىنلارنىڭ دۇئاسى، تەۋبە قىلىش ھەققى دېگەندەك باتىل قاراشلاردىن خالىي ئىكەنلىكىدۇر.

3) ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ شەكىل قىسمى بولۇپ، بەندىنىڭ ئۇنى ھوزۇرى قەلب ۋە ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشى ئىبادەتلەرگە جان-روھ ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «مائۇن»(107-سۈرە) دە جىسمى نامازغا ھازىر بولسىمۇ قەلبى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل، دىلىدا ئىخلاستىن ئەسەر بولمىغان ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: "**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بەندىنىڭ نامازلىرىدىن پەقەت ھۇزۇرى قەلب ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلغان نامازلىرىلا قوبۇل قىلىنىدۇ**"(ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببانلار رىۋايەت قىلغان). ھۇزۇرى قەلب ۋە ئىخلاس يالغۇز نامازدىلا ئەمەس، روزا، زاكات، ھەج-ئۆمرە قاتارلىق بارلىق ئىبادەتلەردە تەلەپ قىلىنىدۇ.

4) ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر پەقەت قۇرۇق شەكىل، كۆرۈنۈشلا ئەمەس، بەلكى ئىبادەتلەرنىڭ تاشقى شەكلى بەندىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن زىچ بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئىبادەت ھاسىل بولىدۇ. نامازنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بولغان تاھارەت ئۆلچىمدە بەندىنىڭ بەدىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكىزلاش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، روھنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاپ، تەۋبە بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش تاھارەتنى تېخىمۇ تولۇق مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. نامازدا بەندىنىڭ باشقا تەرەپلەردىن بۇرۇلۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە قەلبىنى بارلىق ئىشلاردىن خالىي قىلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئاتاشىنىڭ ئۆزى نامازنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى. الله أكبر (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتقاندا پەقەت تىلنىڭ ھەرىكىتىلا ئەمەس، ئاۋۋال دىلنىڭ شۇ سۆزنى تەستىقلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ تەرىقىدە قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى نوقۇل بەدەنىنىڭ ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، روھنىڭ تەستىقى بىلەن بىرلەشكەن بولۇشى ئىبادەت تاكامۇللۇقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

5) «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر كۆزى بىلەن ئوقۇپ چىققان كىشىگە شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئىسلام مىزانىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەت تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان ئىككى تەرەپ، ئىنسان بولسا ماددا بىلەن روھنىڭ بىرلەشمىسى. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى ۋە ئىبادەتلىرىدە ئىنسان تەبىئىتى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئىنساننى يۈكسەك روھىي ھاياتقا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە ئۈچ ئادەم كەلگەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادەتلىرىنى سورىغان ۋە ئاڭلىغاندىن كېيىن: ''بىز قانداقمۇ پەيغەمبەر بىلەن تەڭ بولالايمىز؟ ئاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا'' دېيىشكەن. ئۇلاردىن بىرى: ''بۇندىن كېيىن مەن كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن'' دېگەن. ئىككىنچىسى: ''مەن ئۆمۈر بويى روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچمايمەن'' دېگەن. ئۈچىنچىسى: ''مەن توي قىلمايمەن'' دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: **''سىلەر مۇنداق، مۇنداق دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھتىن سىلەردىنمۇ ئارتۇق قورقىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋادارىڭلار بولىمەن، مەن گاھى روزا تۇتىمەن، گاھى ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن. ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس''** دېگەن (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دەرۋەقە، نۇرغۇن پەلسەپىۋى ئېقىملاردا ئىنساننىڭ بەدەن ئېھتىياجىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، پۈتۈنلەي زاھىتلارچە تۇرمۇشقا ئۈندەيدىغان ۋە ياكى روھىي ئامىلدىن خالىي ھالدا يەپ-ئىچىش، ئويناپ كۈلۈشتەك ھايۋانىي تۇرمۇشقا دالالەت قىلىدىغان ئىدىيەلەرنى ئۇچرىتىمىز.

ئىنسان ئەقىل ۋە ھۆكۈم ئىقتىدارى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسان ئەقلى يەنە بەزى نەرسىلەرنىڭ ھېكمىتى، سەۋەبىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئىبادەتلەر دەل مۇشۇ جۈملىدىندۇركى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسى تۇتۇش، مال-مۈلۈك بەلگىلەنگەن ھېسابقا يەتكەندە كىشىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى زاكات بېرىش قاتارلىقلارنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كىشى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەپسىنى پاكلاپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ھېكمەتلەر بايان قىلىنغان. نامازنىڭ نېمىشقا تۆت ۋاق ياكى ئالتە ۋاق ئەمەس، بەش ۋاق ئىكەنلىكى، نامازنىڭ رەكئەت سانلىرىنىڭ نېمىشقا باشقىچە ئەمەس، ھازىرقىدەك بەلگىلەنگەنلىكى، روزىنىڭ ئىككى ئاي ياكى 15 كۈن ئەمەس، يىلدا بىر ئاي ئىكەنلىكى، زاكات مىقدارىنىڭ نېمىشقا ئاز ياكى كۆپ ئەمەس، ھازىرقىدەك بەلگىلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئىنسان قادىر ئەمەس. ھەم بۇلارنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىنسان تەكلىپ قىلىنغانمۇ ئەمەس. ئىبادەتلەر قايسى رەۋىشتە قانداق بۇيرۇلغان بولسا ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئادا قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز.

## خاتىمە

**''ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر؛ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر''** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 18-ئايەت}. ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى، بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى گويا پايانى يوق دېڭىز بولسا، ئۇنىڭغا باققاندا بەندىگە بۇيرۇلغان ئىبادەت ئەنە شۇ دېڭىزنىڭ كىچىككىنە بىر تامچىسىدۇر. ئىبادەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان چوڭ رەھمىتىدۇر، چۈنكى ھاياتنىڭ تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىك، غەلۋە-غەۋغالىرى ئىچىدە يۈرىكى ئېزىلگەن، نىجاتلىق يولى ئىزدەۋاتقان ئىنسان ئەنە شۇ ئىبادەت بىلەن ئاللاھتىن باشپاناھلىق سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **''ئى بىلال، ئەزان ئېيتقىن، بىز ناماز بىلەن ئەجەپمۇ راھەتلىنىپ كېتىمىز''** دېگىنىدەك، كىشى ئىبادەت بىلەن خاتىرجەملىك ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ. تائەت-ئىبادەت بەندىنىڭ ئىمانىغا نۇر قوشىدىغان شاھىتتۇركى، ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ ئىمان دەۋاسى قىلغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى يېتەرلىكتۇر:

**''ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ''** {سۈرە «ئەنكەبۇت» (29-سۈرە)، 2—3-ئايەتلەر}.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**1. قۇربانلىق قىلىشنىڭ شەرئى مەنىسى نېمە؟**

ج: ئىقتىسادى يار بەرگەن كىشىلەر ھەر يىلى ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە تۆگە، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكىلەرنى بوغۇزلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىبادەتتۇر.

**2. قۇربانلىق قىلىشنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق؟**

ج: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ھىدايەتكە چاقىرىش يولىدا تولىمۇ جەسۇر، پىداكار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناپ روھى ئاللاھقا ياراپ، ئۇنى "خەلىلىم" (ئىشەنچلىك يېقىن دوستۇم) دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: "**ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى**"{سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 125-ئايەت} دېگەن.

نەمرۇد باشچىلىقىدىكى بۇتپەرەسلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئىبراھىم! بىزگە قىلىۋاتقان چاقىرىقىڭنى دەرھال توختىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭمۇ يېنىپ، بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگەشمىسەڭ ئوتتا كۆيدۈرىمىز" دېگەندەك تەھدىتلەرنى سالغاندا، ئۇ ئۆز مەيدانىدىن قىلچە تەۋرەنمەي ئاللاھقا بولغان چىن ئەقىدىسىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئەنە شۇ پىداكارلىق روھى سەۋەبىدىن، نەمرۇد ئۇنى ئوتقا تاشلىغاندا ئاللاھ تائالا ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە ئامان-ئېسەن ساقلىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇلار: 'ئىبراھىم ئۈچۈن بىر بىنا سېلىڭلار(ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار' دېدى. (ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق**"{سۈرە«سافقات»(37-سۈرە)، 97-، 98-ئايەت}.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ئايالى سارەدىن بالا يۈزى كۆرمىگەچكە، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەگە: "**پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن**"{سۈرە«سافقات»، 100-ئايەت} دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭ ئايالى سارەگە ھەدىيە قىلغان ھاجەر ئىسىملىك ئايالدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: "**بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق**"{سۈرە«سافقات»، 101-ئايەت}

ئاللاھ خۇش خەۋەر بەرگەن ئوغۇل دەل ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىدى. مەلۇمكى بىر ئاتىغا نىسبەتەن دۇنيادا بالىدىنمۇ تاتلىقراق نەرسە بولمايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىلغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك، ھەتتا باشقا ئاتىلارنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شۇ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشنى ئەمىر قىلغاندا، ئۇ ئوغلى ئىسمائىلغا: "**ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟**" دەپ سورىغاندا، ئۇ ئىككىلەنمەستىن: "**ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن**"{سۈرە«سافقات»، 102-ئايەت} دېگەن ھەمدە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ يېتىپ، ئاتىسىنىڭ بوغۇزلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالامنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئوغلىغا پىچاق سۇرگەندە. پىچاق كەسمىگەن. قايتا-قايتا سۇرسىمۇ زادى ئۆتمىگەن. دەل مۇشۇ پەيتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا نىدا قىلىپ: **''ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ(يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)''** {سۈرە «ساففات»، 104-ئايەت} دېگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىق قوينى بەرگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **''بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق''** {سۈرە«ساففات»، 107-ئايەت}.

دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ يەنە بىر چوڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا بىزلەرگىمۇ ئۆزىنىڭ سۈرە«كەۋسەر»(108-سۈرە)2-ئايەتتىكى **''پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن''** دېگەن ئايەتنى كەرىمىسى ئارقىلىق قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان. بۇ دەل ھىجرەتنىڭ 2-يىلى(مىلادىيە 623-يىلى) ئىدى.

**3. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: قۇربانلىق قىلىش نورمال تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان، ئىقتىسادى زاكات بېرىش نىسابىغا يەتكەن مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر.

**4. قۇربانلىق قىلىشنىڭ قانداق پەزىلىتى بار؟**

ج: قۇربانلىق قىلىشنىڭ ناھايىتى زور پەزىلەتلىرى بولۇپ، زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''ساھابىلار رەسۇلۇللاھتىن: 'قۇربانلىق قانداق ئەمەل؟' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: **'ئۇ ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ سۈننىتى** 'دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار يەنە: 'ئۇنىڭدا بىزلەرگە قانداق ئەجىر-ساۋابلار بار؟' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: **'قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ ھەر تۈكىگە ساۋاب بار'** دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار يەنە: 'يۇڭىغىچۇ؟' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: **'ھەر بىر تال يۇڭىغىمۇ ساۋاب بار'** دەپ جاۋاب بەرگەن''. (ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى).*

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''نەھرى كۈنى(ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى)** دە ئادەم ئەۋلادى ئاللاھقا قان تۆكۈشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئەمەلنى قىلالمايدۇ. بوغۇزلانغان قۇربانلىق مېلى قىيامەت كۈنى مۈڭگۈز، تۇياق، يۇڭ، تىۋىتلىرى بىلەن كېلىدۇ. قۇربانلىق مېلىنىڭ قېنى يەرگە تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىش مەنزىلىگە يېتىپ بولىدۇ. سىلەر قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭلارنى پاكلاڭلار!'' (تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

**5. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟**

ج: 1) بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن مالنى بوغۇزلاش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **''(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم(دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن''** {سۈرە«ئەنئام» (6-سۈرە)، 162-، 163-ئايەت}

2) ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ بىزلەرگە ئىنئام قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈش. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **'' (كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەججىنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار(يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق ''** {سۈرە«ھەج»(22-سۈرە)، 36-ئايەت}

3) ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ يولىدا مال بوغۇزلاش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ھەر قانداق ئەمەلنى قىلىشتىن يانمايدىغان چىن ئەقىدىمىزنى نامايەن قىلىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **'' بىز ئۇنىڭغا: ' ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ(يەنى**

*ئىزاھات: ھەدىستىكى ''تۈك'' تىن ئۆچكە تىۋىتى، ''يۇڭ''دىن كالا، قوتاز، تۆگە، قوي يۇڭلىرى ئىرادە قىلىنىدۇ.

**چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)' دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى(يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى ) بەردۇق"** {سۈرە «ساففات»، 104—107-ئايەتلەر}.

4) شۇ كۈندە ئائىلىگە مولچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى خۇشال قىلىش، كەمبەغەل، يېتىم-يېسىر، مىسكىنلەرگە گۆشتىن ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغىمۇ مېھىر-شەپقىتىمىزنى ھېس قىلدۇرۇش.

6. **قۇربانلىق قىلىش قانداق كىشىلەرگە ۋاجىپ؟**

ج: 1) قۇربانلىق قىلىش بىر خىل ئىقتىسادىي ئىبادەت بولغانلىقتىن، ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ.

2) قۇربانلىق قىلىش مېلىغا مۇستەقىل ئىگە بولالايدىغان ھۆر كىشىگە ۋاجىپ.

3) نورمال تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئېشىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە زاكات بېرىش نىسابىغا ئىگە كىشىگە ۋاجىپ.

4) ئۆز شەھىرىدە مۇقىم تۇرۇۋاتقان كىشىگە ۋاجىپ بولۇپ، مۇساپىرلارغا ۋاجىپ ئەمەس. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "جۈمە نامىزى بىلەن قۇربانلىق قىلىش مۇساپىرلارغا ۋاجىپ ئەمەس" {«فىقھەتۇل ئىبادەت»دىن ئېلىندى}

7. **قۇربانلىق قىلىش قانداق شەرتلەر ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ؟**

ج: 1) قۇربانلىق مېلى تۆگە، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلاردىن بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **"ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى(شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن"** {سۈرە «ھەج»(22-سۈرە)، 34-ئايەت}. ئايەتتىكى چارۋىلار(ئەنئاملار) دېگەندە تۆگە، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارمۇ بۇلارنىڭ غەيرىنى قۇربانلىق قىلمىغان. بۇلاردىن ئەركەك، چىشىسى باراۋەر بولىدۇ. يۇقىرىقى چارۋىلاردىن تۆگە بىلەن كالىغا يەتتە كىشى قۇربانلىق قىلىش نىيىتى بىلەن شېرىك بولسا بولىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كالا بىلەن تۆگە يەتتە كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ"** (مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئەمما شېرىك بولغان يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى نىيەت قىلغان بولۇشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ بىرسى قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلماي گۆش يېيىشنى ئىرادە قىلسا ھەممىسىنىڭ قۇربانلىقى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى قۇربانلىقتىكى ئىبادەت قان ئېقىتىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. قان ئېقىتىش بىرلا زەبىھە قىلىش بولغانلىقتىن پارچىلانمايدۇ، قان يەتتىگە تەقسىم قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **"نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ"** دېگەن ھەدىسىدۇر. («فىقھۇل ئىسلام»دىن)

يۇقىرىقى چارۋىلاردىن تۆگە بەش ياشقا توشۇپ ئالتە ياشقا ماڭغان بولۇشى، كالا بىلەن قوتاز ئۈچ ياشقا توشۇپ، تۆت ياشقا ماڭغان بولۇشى، قوي بىر ياشقا توشقان، ئۆچكە بىر ياشقا توشۇپ، ئىككى ياشقا ماڭغان بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەنئاملارنىڭ يېشىغا توشقىنىنى قۇربانلىق قىلىڭلار"** (مۇسلىم رىۋايىتى).

2) قۇربانلىق مېلى قارىغۇ، توكۇر، قۇلىقى كېسىك مۈڭگۈزلىرى سۇنغان ياكى تۈۋىدىن سۇنۇپ كەتكەن، قۇلىقى تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن بولماسلىقى، ساقىيىش ئېھتىماللىقى يوق كېسەل، يىلىكى قالمىغان، بەك ئورۇق بولماسلىقى لازىم. بۇ توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: **"كۆز نۇرىنىڭ كۆپىنچىسى كېتىپ قالغان قارىغۇ، بوغۇزلايدىغان مەيدانغا بارالمىغۇدەك توكۇر، پۇت-قولىدا يىلىك قالمىغان دەرىجىدىكى ئورۇق، ساقىيىش ئېھتىماللىقى يوق كېسەلچانماللار قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ"** (تىرمىزى رىۋايىتى)

3) قۇربانلىق مالنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بوغۇزلاش لازىم. ئىلگىرى بوغۇزلىۋالسا ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرنى قايتا بوغۇزلاش لازىم. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"نامازدىن بۇرۇن مال بوغۇزلىغان كىشى ئۆزى ئۈچۈن بوغۇزلىغان بولىدۇ. نامازدىن كېيىن مال بوغۇزلىغان كىشى ھەقىقىي**

**قۇربانلىق قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى تۇتقان بولىدۇ**" (بۇخارى رىۋايىتى).

قۇربانلىق مالنى بىرىنچى كۈنى بوغۇزلاش ئەڭ ئەۋزەل بولۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرىنچى كۈنى بوغۇزلىيالمىسا، 2-، 3-كۈنى بوغۇزلىسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**تەشرىق كۈنلىرىدىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ**" (ئەھمەد، رادى قۇتنى رىۋايىتى). بۇ چاغدىمۇ قۇربانلىق قىلالمىغانلار قۇربانلىقنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلىدۇ.

**8. بىر قوي پۈتۈن ئائىلىگە كۇپايە قىلامدۇ؟**

ج: ئائىلىدە قانچە جان بولسىمۇ بىر قوي كۇپايە قىلىدۇ. ئەبۇ ئەييۇبۇل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە كىشىلەر ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە بىر قوي قۇربانلىق قىلاتتى" (تىرمىزى رىۋايىتى). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشقارنى ئۆزى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نامىدا قۇربانلىق قىلغان ۋە ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئالا قوشقارنى ئۆزى ۋە ئۈممىتى نامىدا قۇربانلىق قىلغان**" دېگەن (مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

**9. قۇربانلىقنىڭ مۇستەھەبلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) قۇربانلىق قىلىدىغان مالنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش؛

2) قۇربانلىق مال ئاخىرەتتە سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە مىنىپ ئۆتىدىغان ئۇلاغ بولغاچقا، سېمىز، چىرايلىق، بېجىرىم، چوڭ مال بولۇش؛

3) قۇربانلىق مالنى بوغۇزلاش مەيدانىغا ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن ئېلىپ بېرىش، ھەرگىز پۇتلىرى بىلەن سۆرىمەسلىك؛

4) مال بوغۇزلايدىغان پىچاقنى ئىتتىكلىتىش، بۇ ئارقىلىق بوغۇزلىغاندا مالغا راھەت بېرىش، مالنى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "**ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھقا باتىلدىن ھەققە قايتقان ھالدا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم، ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن**" دېگەن دۇئاسىنى ئوقۇش. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىچۇۋېتىلگەن، ئىككى تۇياق ئالا قوشقارنى زەبھى قىلغان. قويلارنى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇپ: '**ئىننى ۋەججەھتۇ ۋەجھىيە لىللەزى فەتەرەسسەماۋاتى ۋەلئەرزە ئەلا مىللەتى ئىبراھىمە ھەنىفا، ۋەما ئەنە مىنەل مۇشرىكىين، ئىننە سالاتى ۋە نۇسۇكى ۋە مەھيايە ۋە مەماتى لىللاھى رەببىل ئالەمىين. لا شەرىكە لەھۇ، ۋەبىزالىكە ئۇمىرتۇ، ۋە ئەنە مىنەل مۇسلىمىين. ئاللاھۇممە مىنكە ۋە لەكە ئەن مۇھەممەدىن ۋە ئۈممەتىھى، بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر**' دەپ ئاندىن بوغۇزلىغان" (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

5) مالغا پىچاق سۇرۇشتىن ئاۋۋال: "ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمدۇ" دەپ تەكبىر ئوقۇش، قۇربانلىقنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا قىلىش.

6) قۇربانلىق قىلىدىغان كىشى قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنى چاچ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياساتماسلىقى، تىرناقلىرىنى ئالماسلىقى، بەدىنىدىكى تۈكلەرنى تازىلىماسلىقى مۇستەھەب. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**سىلەردىن كىمكى زۇلھەججىنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرسە ۋە قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، موي-تۈكلىرىنى ۋە تىرناقلىرىنى ئالمىسۇن**" (مۇسلىم رىۋايىتى).

7) قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ چاچ ۋە ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياسىتىشى، تىرناقلىرىنى ئېلىشى ۋە بەدىنىدىكى مويلارنى تازىلىشى مۇستەھەپ. بۇ توغرىسىدا ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئاللاھ بۇ كۈننى مۇشۇ ئۈممەتكە بايرام قىلىپ بەردى. شۇڭا بۇ كۈننى بايرام قىلىشقا بۇيرۇلدۇم**" دېگەندە، بىر كىشى: "ئى رەسۇلۇللاھ، مەن پايدىلىنىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلغان چارۋىلاردىن باشقا مال تاپالمىسام، شۇنى قۇربانلىق قىلامدىمەن؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: "**ياق، لېكىن چاچ-ساقاللىرىڭنى ياسىتىپ، بۇرۇتۇڭنى قىرقىغىن، تىرناقلىرىڭنى ئالغىن، بەدىنىڭدىكى مويلارنى تازىلىغىن. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە**

قۇربانلىق قىلغىنىڭ بىلەن باراۋەر" دەپ جاۋاب بەرگەن (ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايىتى).

8) قۇربانلىق گۆشىنى ئۈچكە تەقسىم قىلىپ، بىر قىسمىنى ئائىلىسىگە تائام قىلىپ بېرىش، يەنە بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىش، قالغان بىر قىسمىنى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش لازىم. ئائىلە جان سانى كۆپ بولسا، سەدىقە قىلماي ئۆزئارا يېسە بولىدۇ. سەلەمە ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلغان بولسا ئۇنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىمىسۇن**". ئىككىنچى يىلى كىشىلەر: "ئى رەسۇلۇللاھ، قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆتكەن يىلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلامدۇق؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: "**يەڭلار، باشقىلارغىمۇ بېرىڭلار ۋە ساقلاپ يەڭلار، بۇلتۇر كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ يىلى قۇربانلىق گۆشتىن كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشىڭلارنى ئىرادە قىلغانىدىم**" دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

## 10. قۇربانلىقتىكى مەكرۇھلا قايسىلار؟

ج: 1) قۇربانلىق مالنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بوغۇزلىتىش مەكرۇھ. ئەمما بۇتپەرەس، مەجۇسىيلار(ئوتقا چوقۇنىدىغانلار)غا بوغۇزلىتىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس.

2) قۇربانلىققا ئاتاپ قويغان مالنىڭ يۇڭلىرىنى قىرقىۋېلىش، سۈتىنى سېغىۋېلىش ۋە ئىجارىگە بېرىپ پايدىلىنىش ھەم مەكرۇھ سانىلىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئىجارىدىن كىرگەن پۇلنى سەدىقە قىلىدۇ.

3) قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنى سېتىۋېتىش مەكرۇھ، ئەگەر سېتىۋېتىپ قالسا، پۇلنى سەدىقە قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ تېرىسىنى سېتىۋەتسە، ئۇ قۇربانلىق قىلمىغاندەك بولىدۇ**". («جامىئۇسسەغىر»دىن)

4) قۇربانلىق مالنى سويۇپ بەرگەن قاسساپقا ئۇنىڭ گۆشىدىن ياكى باشقا ئەزالىرىدىن ئەجرىگە ھېسابلاپ بېرىشكە بولمايدۇ، لېكىن ئىش ھەققىگە ھېسابلىماي سەدىقە قىلىپ بەرسە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "**رەسۇلۇللاھ مېنى ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى قىلىشىمغا، گۆش، تېرە ۋە يۇڭلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا، مال سويغۇچىغا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە بەرمەسلىكىمگە بۇيرۇدى ۋە: 'ئۇلارنى ئۆزىمىز باشقا پۇل-مال بىلەن رازى قىلىمىز' "** دېدى. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).


ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى

## جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەر قايسى ئەل ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى مۇھەممەد ئىمىن ئابلا قارىي 2005-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 13-نۆۋەتلىك مىسىر خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 10-لىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى ما شياۋ لۇڭ قارى(شىنجاڭلىق) 2005-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن10-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە لىۋىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن لىۋىيە 2-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى غېنى ئابلىكىم قارىي 2005-يىل 10-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە ئىراننىڭ پايتەختى تېھران شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 22-نۆۋەتلىك ئىران خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. مۇسابىقىلەرگە قاتناشقان بۇ قارىيلار دۆلىتىمىزدە 2005-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 1-،2-،3-دەرىجىگە ئېرىشكەن قارىيلار بولۇپ، ئۇلار مۇسابىقە جەريانىدا جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى، نۇرغۇن باھالىغۇچىلار جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائىتىگە يۇقىرى باھا بەردى . جۇڭگو قارىيلىرى يۇقىرىقىدەك چوڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى نامايەن قىلدى. ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،چەتئەللەرنىڭ قىرائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلدى . بۇنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور ياردىمى بولغۇسى .(ب)

# ھەجنىڭ ھېكمەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە



مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"ھەج" سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا سانسىزلىغان يۈرەكلەر بەيتۇللا تامان تەلپۈنىدۇ. كەلىمە تەۋھىدنى تىلدا جارى قىلغان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى ئىمان تۇيغۇسى بىلەن دولقۇنلىنىدۇ. روزا رامىزان ئاياغلىشىپ ھەج ئايلىرى كىرىش بىلەن، ئۇزۇندىن ھەجگە ئىنتىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى قەلبىدە يەنىمۇ يالقۇنجاپ، گويا تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان "لەببەيكە" كەلىمىسىنىڭ كىشى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان جاراڭلىق سادالىرى قۇلاق تۈۋىمىزدە ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولىدۇ. بەزى تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈمىدى ئاللاھ نېسىپ قىلىپ كۆز ئوڭىدا قۇچاق ئاچىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ ئېيتقان. **"كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا(ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن"** {سۈرە«ھەج»(22-سۈرە)، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى} دېگەن كالامغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ. **"پەرۋەردىگارىمىز، ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى(يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن(يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن"** {سۈرە«ئىبراھىم»(14-سۈرە)، 37-ئايەتنىڭ بىر قىسمى} دېگەن دۇئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئەركانىدىن بىرى بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ھەج قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم ھەج جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەجگە ئائىت پائالىيەتلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكى يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن ھېكمەتلەر، چوڭقۇر سىرلار ۋە ھەقىقىي ئەھمىيەتنى ئەتراپلىق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەج ئىبادىتىگە قارىتا تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ، ئىخلاسى ئېشىپ، ھەج قىلىشتىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە ھەقىقىي يوسۇندا يېتەلەيدۇ. ھەج سەپىرى مۇبارەك سەپەر بولۇپ، ئەھمىيەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى چۈشكەن مۇقەددەس جايلاردا تاشلانغان ھەر بىر قەدەم، قىلىنغان ھەر بىر سۆز-ھەرىكەت ياخشىلىقلار

بىلەن ئورالغان بولىدۇ. جىمى ئەتراپ روھانىي تەنتەنە بىلەن جەۋلان قىلىدۇ. كۆرۈنگەنلىكى يەردە ئاللاھنىڭ ئەزىمىتى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى ھەزرەمى مۇنداق دەيدۇ: ''ئىبادەت ئەمەللىرىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ھەر بەندە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە دىلىنىڭ ساپلىقى بىلەن قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك چۈشىنىدۇ. ھەج سەپىرىنى ئاخىرەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ھەج قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىشى ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىكى سەكراتقا ئوخشايدۇ، يەنى تەندىن ئايرىلغانلىقى، دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەجگە ئاتلىنىپ ئۇلاغقا مىنىشى جىنازىسى ئۈستىدىكى تاۋۇتقا چىققانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئېھرام باغلىشى بولسا كېپەنگە ئورالغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ھەج قىلغۇچىنىڭ يۇرتىدىن مەككىگىچە بولغان يول ئارىلىقى بەرزەخ ھاياتىغا ئوخشايدۇ، مىقاتقا يېتىپ بېرىشى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ مەھشەرگاھقا يول ئالغانلىقىغا، تەلبىيە ئېيتىشى ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەندىن كېيىن، چاقىرغۇچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ''.

## ئېھرام باغلاشنىڭ ھېكمىتى

ھەج قىلىشنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان، ھەج قىلىشنىڭ نىيىتى ھېسابلانغان ئېھرام باغلاش ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشقا ئۈندەلگەن كۆڭۈلنى تىندۇرغانلىق، شېرىكى يوق يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئەھدىسىنى يېڭىلىغانلىق، ھېچقانداق رىياسىز، تۈز كۆڭۈل، توغرا نىيەت بىلەن ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكنى جاكارلىغانلىق بولىدۇ. ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان رەڭگارەڭ كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپئاق ئېھرام لىباسىنى ئارتىۋېلىشنىڭ ئۆزى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان كۆرۈنۈشتە ياراتقۇچىسىغا توغرىلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە كىشى بىر خىل ھالەت، بىر خىل سىرتقى قىياپەتتە بولۇپ چوڭچىلىق، مەنمەنلىك، ئۈستۈنلۈك تالىشىشلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئۇچىسىدا يىپ-يېڭنە بىلەن تىكىلمىگەن رىدا بىلەن ئىزاردىن باشقا كىيىم بولمىغان، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ چوڭ- كىچىك، ئەر-ئايال، باي-كەمبەغەل، ئاددىي پۇقرا-مەنسەپدار، ياخشى-يامان، ئالىم-نادان ... دېيىلمەستىن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەڭلىك، ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق روھى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەممىسى بىر نىشان، بىر غايە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا بەندىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى، باشقا بىلەن ئەمەس پەقەت تەقۋادارلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر زاھىرىي كۆرۈنۈش. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ يۈكسەك رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى: '' **ئى ئىنسانلار، سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر**'' {سۈرە«ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13-ئايەت} دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشنىڭ ھېكمىتى

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ھەج قىلغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ تائىتىگە يۈزلەنگەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە بەرگەن ئەھدىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر. رىۋايەتلەردە ''ھەجەرۇلئەسۋەد ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئوڭ قولى بولۇپ ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق بەندىلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ'' دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيگەن چاغدا يىغلاپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ''**ئى ئۆمەر، مانا مۇشۇنداق جايدا كۆزنىڭ يېشى تۆكۈلۈشى كېرەك**'' دېگەن. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقىنى ۋە مۆمىنلەرگە بۈيۈك مەسئۇلىيەتلەرنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان.

## سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھېكمىتى

ھەج ئەركانلىرىدىن بولغان سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش — كىشىنىڭ كۆزلىگەن

مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھارماي-تالماي، بەل قويۇۋەتمەي، ئۈمىدسىزلەنمەي كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋولدۇر. بۇ بىزگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئەينى زاماندا ئادەمزات يوق چۆل بولغان مەككىدە قويۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپ كېتىپ، ھاجەر سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سۇ ئىزدەپ تەكرار سەئيى قىلىدۇ... ھەج قىلغۇچى سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغاندا بۇ كۆرۈنۈش ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا نامايان بولۇپ، قەلبىدە ئىخلاس، ۋاپادارلىق، ئاللاھقا يۆلىنىش، ئۈمىدۋارلىق، ئېگىلمەس-سۇنماس قەتئىي ئىرادىنىڭ نەمۇنىسى تىكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەج قىلغۇچىنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئورۇنداش، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش يولىدا ھەر قانداق مۇشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدىغان بولىدۇ.

## شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ھېكمىتى

بۇ، شەيتان بىلەن بولغان كۈرەشكە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئىنسان ھاياتلىقتا ئاللاھ يولىدا ھەرىكەتلىنىدىكەن، شەيتان ئۇنى توغرا يولدىن توسۇش ئۈچۈن پايلاپ تۇرىدۇ. ئىبلىس يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قۇرئاندا ھېكايە قىلىنغان ئىبلىسنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئەزەلدىنلا ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئاياندۇر. " **ئىبلىس ئېيتتى: 'سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ(نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن'** " {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 16-، 17-ئايەتلەر}.

ئىنسان ھاياتىتا تەقۋادار، ئېھتىياتچان بولۇپ، بارلىق ئىشلىرىدا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشى لازىم. شەيتانغا تاش ئېتىشتىن ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىگە بېرىلمەي قارشىلىق بىلدۈرۈش ئىپادىلىنىدۇ. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بەندىگە ئاپىرىدە قىلىنغان سىناق بولۇپ، بەندە شەيتانغا ئەگىشىش، ئەگەشمەسلىك بىلەن سىنىلىدۇ. ھەج قىلغۇچى بۇ جايدا ئىنسان ھەممە ھالەتتە شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىپ تۇرغاندىلا، ئاندىن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن خالىي بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. قۇرئاندا مۇنۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك: " **ئىبلىس ئېيتتى: 'ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا(يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)'** " {سۈرە «ساد» (38-سۈرە)، 82-، 83-ئايەتلەر}. شەيتانغا تاش ئېتىشتىن ئىبارەت بۇ سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشتىن ئىبلىس بىلەن بولغان كۈرەشتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۈستىدىن شەيتاننىڭ غالىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بەيھەقى، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ھاكىملار ئۆزلىرىنىڭ يازغان ھەدىس كىتابلىرىدا شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئۈچ جايدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شەيتان ئۇچرىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەيتانغا تاش ئېتىپ ئۇنى يەرگە يۈتكۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "شەيتانغا تاش ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار" دېگەن.

## كەئبەتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېكمىتى

كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھەج، ئۆمرەدىن باشقا چاغلاردىمۇ بەيتۇللاغا ھازىر بولغانلاردىن ئۇنى تاۋاپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسچىتلەرگە كىرگەندە ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسچىت نامىزى ئوقۇلىدۇ. مەسچىت ھەرامغا كىرگەن ئادەمنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى تەھىييەتۇل مەسچىت نامىزى ئوقۇغانىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىنغان كەئبە مۇسۇلمانلار كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان قىبلىگاھ قىلىنغان. كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېكمەت-سىرلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنگە مۇراجىئەت

قىلىپ باقايلى:

دۇرۇس، ئىلىم-پەن كائىنات سىرلىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. كائىناتنى ياراتقۇچى زات ئاللاھ تائالاغا بولسا ئىنسان ئۇنىڭ كەئبىسىنى ئايلىنىپ تاۋاب قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋاب روھ بىلەن ماددا پاراللېل تۈرىدىغان چوڭ بىر سىرغا سىمۋول بولۇشى مۇمكىن. ئىلىم-پەن ئېچىپ بەرگەن كائىنات سىرلىرى بۇنىڭغا ئىشىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ قۇياش سىستېمىسىغا قارايدىغان بولساق، سەييارىلەرنىڭ قۇياش سىستېمىسىدا ئۆز ئوقى ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. قۇياش سىستېمىسىمۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ، كائىناتمۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئالەم بىر مەركەزنىڭ ئەتراپىدا خۇددى چاق ئۆز ئوقىدا ئايلانغاندەك ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كائىناتتىكى مىليونلىغان سەييارىلەر، يۇلتۇزلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە ئەتراپىدا ئايلىنىشىدەك ئاللاھ بېكىتىۋەتكەن ھادىسە بىلەن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنى تاۋاب قىلىشى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. قاھىرە ئاسترونومىيە تەتقىقات ئورنى كەئبىنىڭ يەر شارىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىنى ''ئوتتۇرا ئۈممەت'' دەپ ئاتىغان. ''ئوتتۇرا ئۈممەت'' دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە«بەقەرە»نىڭ 143 -ئايىتى 286 ئايەتلىك بۇ سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. مەككىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇيدىغان قىبلىنىڭ يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىدا بولۇشى مەزكۇر ئايەتنىڭ سۈرە «بەقەرە»نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشى بىلەن ماس كېلىدۇ.

كەئبەتۇللانى تاۋاب قىلىشنىڭ، سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ، شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ يەتتە قېتىم ئىكەنلىكى بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىزنى ئۈستىمىزدىكى يەتتە قەۋەت ئاسمانغا، ئاستىمىزدىكى يەتتە قەۋەت زېمىنغا بۇرايدۇ. ھەپتە كۈنلىرىنىڭ يەتتە بولۇشى، كەلىمە تەۋھىدنىڭ يەتتە سۆزدىن تۈزۈلۈشى، دوزاخ دەرۋازىلىرىنىڭ يەتتە بولۇشى يەتتە دېگەن بۇ سان ھەققىدە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بۇ دۇنيادا كەئبىنى تاۋاب قىلىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئالەمى غەيبتە ئاسماندىكى بەيتىمەئمۇرنى تاۋاب قىلغانلىقى بىلەن ماس كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلغان: ''**ئى ئادەم، مەن سېنى زېمىنغا چۈشۈرۈش بىلەن بىللە بەيتۇللانىمۇ بەرپا قىلدىم. پەرىشتىلەر مېنىڭ ئەرشىم ئەتراپىنى تاۋاب قىلغاندەك، كىشىلەر شۇ بەيتىمنىڭ چۆرىسىدە تاۋاب قىلىدۇ. پەرىشتىلەر مېنىڭ ئەرشىمنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇغاندەك، كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيدۇ. بەيتۇللادىن خالىغىنىڭلارچە پايدىلىنىڭلار**''.

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: ''سېنىڭ بەيتۇللانى تاۋاب قىلىشىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئەرش ئەتراپىنى تاۋاب قىلىپ ئايلانغىنىغا ئوخشايدۇ. بەيتۇللانى تاۋاب قىلىشتىكى مەقسەت جىسمىڭ بىلەن تاۋاب قىلىشلا بولماستىن بەلكى ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەن قەلبىڭنىڭ تاۋاب قىلىشىدۇر. تاۋاب بولسا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى تاۋابتۇر. ئالىمى مەلاكۇتتىن ئىبارەت كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا نىسبەتەن بەيتۇللا ئۇنىڭ زېمىندىكى زاھىرىي كۆرۈنۈشىدۇر. بەيتۇللاغا كۆزۈڭ چۈشكەندە بەيتۇللاھنىڭ ئەزىمىتى قەلبىڭدە ھازىر بولسۇن. بەيتۇللاغا بولغان ئۇلۇغلاشنىڭ زورلۇقىدىن گويا بەيتۇللانىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرگەندەك ھېس قىلغايسەن، ئاللاھ سېنى ئۇلۇغ بەيتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلغاندەك، قىيامەتتە ئۆز جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى ئۈمىد قىلغايسەن''.

## ئەرافاتتا تۇرۇشنىڭ ھېكمىتى

ئەرافات تېغى مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن تاغلارنىڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ. ئەرافاتتا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ، بىر-بىرىگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرافاتتا سۆزلىگەن، ئىسلام تارىخىدا ناھايىتى مەشھۇر بولغان ۋىدالىشىش نۇتقى كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىپ چوڭقۇر تەسىراتلارغا چۆمىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار ئەرافاتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ، ياخشى ئەمەللىرىگە يامان ئەمەللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقلىرىنى ئىقرار قىلىپ، ئاللاھنىڭ كەڭ مەرھەمىتىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. ھارپا كۈنى چوڭ ھەج كۈنى بولۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىگە قىيامەت كۈنىدىكى مەھشەرگاھنى ئەسلىتىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىغا تەكرار تەۋبە- ئىستىغپار

www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرۇشىنى تىلەيدۇ. ھارپا كۈنى ھەج قىلىپ ئەرافاتتا بولالمىغانلارمۇ ھارپا كۈنىنىڭ بەرىكىتىدىن نېسىۋىدار بولىدۇ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ”**ھارپا كۈنىنىڭ** روزىسى **ئۆتكەنكى ئىككى يىلنىڭ ۋە كېيىنكى ئىككى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ**“.

## ھەجنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت

ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ئۇلارنىڭ دوستلىششى ۋە ئالاقە قىلىششىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇلار ھاياتلىقىدا بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق مەنپەئەت ئالماشتۇرۇشىدۇ. مەسچىتلەردە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش، جامەلەردە جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش، بولۇپمۇ كۆلىمى شۇنچە زور بولغان ھەج قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، قېرىنداشلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەجدە ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ھەج قىلغۇچى مەسچىت ھەرامغا بېرىپ ناماز ئوقۇش بىلەن ناماز ئىبادىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەج ھەم ئىقتىسادىي ھەم جىسمانىي ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ ھەج قىلغان كىشى ھەم زاكاتىنىمۇ ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەج جەريانىدا كىشى شەھۋەتلەردىن يىراق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەج روزىنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”**كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان(دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن**“{سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. بۇ ئايەتتە كىشىلەر ”**دىنىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن**“ دېگەن سۆزنىڭ“ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسۇن“ دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى ھەجنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىشتىن ئىلگىرى ئىنسانىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبادەت شەخسىي پەرزنى ئادا قىلىش بولسا ئۇ ھالدا كىشىلەرنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلەرنى كۆرۈشى جامائەتلەرنى تۈزەشنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ھەج پائالىيەتلىرىدە جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداش، ئاجىز-مىسكىنلەرگە شەپقەت قىلىش، كەمبەغەل بولۇش، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىش-ھەرىكەتتە ئەستايىدىل بولۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پەزىلەتلەر گەۋدىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەجنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولىدۇ.

بۇخارىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق كۈندىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ**“. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ”**مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر**“ (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئادەم گۇناھلاردىن پاك-پاكىز تازىلانغان، نەپسى خاھىشلاردىن يىراق بولۇپ ئىمانى كۈچەيگەن، قەلبى ئېرىپ تەقۋادارلىق تونىنى كىيگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشقا بەرگەن ۋەدىسىنى چىڭىتقان ھالدا ھاياتقا يۈزلىنىشىنى دىلىغا پۈكۈپ، دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەيدىغان، ئاخىرەتكە قىزىقىدىغان روھ بىلەن ھەجدىن قايتىدۇ. ئۇ ھەج قىلىشتىن ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق ھالدا يېڭى ھايات يولىنى تېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ھەجنىڭ خاسىيىتىدىن پەيدا بولغان خىسلەتلەر ئېپادىلىنىپ ئۇرۇغ-تۇغقان، ئەل-مەھەللە قېرىنداشلىرىغا ئۈلگە بولىدۇ.

ماقالىمىزنى ھەج قىلغۇچىلارغا خۇش بېشارەت بېرىلگەن تۆۋەندىكى مۇنۇ ھەدىس بىلەن تاماملايمىز:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بەيتۇللانى كۆزلەپ ئۆيۈڭدىن چىققىنىڭدا تۆگەڭنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن ساڭا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، سەندىن بىر يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ. تاۋاپتىن كېيىن 2 رەكئەت ناماز ئوقۇساڭ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام باللىرىدىن بىرنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. سافا-مەرۋىدە سەئيى قىلىشىڭغا 70 قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەرافاتتا تۇرغىنىڭدا ئاللاھ تائالا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ ھەج قىلغۇچىلار بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىپ:**

'مېنىڭ جەننىتىمنى دەپ مېنىڭ بەندىلىرىم چاچلىرى پاخپايغان ھالدا يىراق جايلاردىن كەلدى. ئۇلارنىڭ گۇناھى قۇمدەك ياكى يامغۇر تامچىلىرىدەك ياكى دېڭىزنىڭ كۆپۈكلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىۋەتتىم. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشكەن ھالدا قايتىڭلار' دەيدۇ''.

''ھەر بىر ئاتقان تېشىڭ سېنىڭ چوڭ گۇناھلىرىڭدىن بىرىگە كاپارەت بولىدۇ. سېنىڭ قۇربانلىقىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قورالساق بولۇپ ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ئېھرامدىن چىقىپ چېچىڭنى ئالدۇرغىنىڭدا ھەر بىر تال چاچ ئۈچۈن ساڭا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، سەندىن بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇللاھنى تاۋاب قىلغىنىڭدا گۇناھلىرىڭ يوقىتا چىقىرىلىدۇ. بىر پەرىشتە كېلىپ ئىككى قولىنى ئىككى مۈرەڭگە قويۇپ تۇرۇپ: 'ئۆتكەنكى گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىندى، ئەمدى كەلگۈسىڭ ئۈچۈن ئىشلىسەڭ بولىدۇ' دەيدۇ''.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تەتقىقاتچىسى)

## ھەجگە ماڭغانلارنى ئۇزىتىش ۋە ھاجىلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ھەققىدە مەسلىھەت

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەج قىلغۇچىلار سەپەرگە ئاتلانغاندا ئۇزىتىمىز، ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەندە ئالدىغا چىقىمىز. ئۇزىتىش ۋە ئالدىغا چىقىش رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىمىنى بەجا كەلتۈرگەنلىك بولۇپ، جانابى رەسۇلۇللاھ: ''**ھاجىلار سەپەرگە ئاتلانسا ئۇزىتىپ قويۇڭلار ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈڭلار، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار گۇناھقا گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى ئالدىغا چىقىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا بەرىكەت بار**'' دېگەنىدى(ئىمام ھەسەن رىۋايەت قىلغان، «ئىرشادىيە» 144-بەت). فىقھە ئۆلىمالىرىمىز بۇ ھەدىستىكى بۇيرۇقنى مۇستەھەب بۇيرۇق دەپ قارايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، مۇستەھەب دېگىنىمىز قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردۇر. بىز مۆمىن مۇسۇلمانلار دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا ئېتىقادتا بولۇشىمىز لازىم. ھالبۇكى، مەيلى ئۇزىتىشتا ياكى ئالدىغا چىقىشتا بولسۇن، ھازىرقى كۆرۈشۈش قائىدىمىزدە ھەم قۇچاقلىشىمىز ھەم يۈز يېقىشىمىز. گەرچە بۇ خىل كۆرۈشۈش ماھىيەتتە جايىز بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ياخشى رەسىم-قائىدە ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز دەۋرىدە ئىبنى ئۆمەرگە: ''**سەن ھاجىنىڭ ئالدىغا چىقساڭ قول تۇتۇشۇپ سالام قىل ۋە ئۆيىگە كىرىشتىن ئاۋۋال دۇئا-تەلەپ قىل، چۈنكى ھاجىلار گۇناھتىن پاكىزدۇر**'' دېگەن (ئابدۇ ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلغان، «ئىرشادىيە» 166-بەت). روشەنكى، بۇ ھەدىستە قول تۇتۇشۇپ سالام قىلماق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھاجىلار ھەققىدىكى سۈننەت كۆرۈشۈشتۇر. شۇنداقلا يەنە جانابى رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە بىر ساھابە رەسۇلۇللاھتىن: '' ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم دوستى بىلەن كۆرۈشكەندە تەزىم قىلامدۇ؟'' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: '' ياق'' دېگەن،'' قۇچاقلىشىپ ۋە سۆيۈپ كۆرۈشەمدۇ؟'' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: '' ياق'' دېگەن، ''قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشەمدۇ؟'' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ''**ھەئە**، شۇنداق كۆرۈشىدۇ'' دەپ جاۋاپ بەرگەن(ھەزرىتى ئەنەس رىۋايەت قىلغان، «عمدة القارى»(ئۇمدەتۇلقارى) 11-جىلد، 240-بەت). مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى مەكرۇھ دەپ ئېلان قىلغان. مۇشۇ ھەدىسنىڭ زاھىرىمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى چەكلەۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى رەسىم-قائىدىمىز يۇقىرىقى ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنىدىن ۋە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدىن يىراق تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ جايىزلىقى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ياخشى قائىدە ئەمەس. چۈنكى، شۇنچە كۆپ يۈك-تاقى بىلەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ چارچاپ كەلگەن ھاجىلارنى كېلىشى ھامان يەنە نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇر قىلساق ھاجىلارغا نىسبەتەن ئەلۋەتتە ئېغىر كېلىدۇ. فىقھە ئۆلىمالىرىمىز: ''ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈملىرى سۈپەتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ'' دېگەن؛ شۇڭا ئادەم كۆپەيگەندە مەكرۇھقا ياتىدىغان قائىدىمىزنى ئۆزگەرتسەك ھېچقانداق زەرەرى يوق، ئىسلام دىنىمىز ھېچقاچان مۇشكۈل ئىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشكۈل قائىدىگە خاتىمە بېرىپ، ئاسان ئىشلىرىمىزنى جارى قىلدۇرساق، دېگەن مەسلىھەتنى بەرمەكچىمەن. **(توقسۇن ناھىيە بوستان مەدرىس خاتىپى ئابدۇكېۋىر داموللا ھاجى)**

# مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئەدەب-قائىدىلىرى

ئىسمائىل ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى ۋە ھايۋانلارنى يېيىش، ئىچىش تەبىئىتى بىلەن ياراتقان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېيىش، ئىچىشكە ھەر ۋاقىت موھتاج بولىدۇ. ھالبۇكى، بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقلىرىنى نۇرلاندۇرۇش، سالامەتلىكىمىزنى ئاسراش ۋە يېمەك-ئىچمىكىمىزنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم.

1. يېمەك-ئىچمىكىمىز ھالال، پاكىز ۋە باشقىلارنىڭ ھەققى ئارىلاشمىغان، ئۆزىمىز قىلچە گۇمانلىق دەپ قارىمىغان نەرسىلەردىن بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ بىزگە خىتاب قىلىپ: **"ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 168-ئايەت} دەپ، بىزنى شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ ھارام يەپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئۆزىگە ھەقىقي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالال رىزىقتىن باشقىسىنى يېمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:



**"ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا(يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 172-ئايەت}.

2. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولنى يۇيۇش سۈننەت. بۇ ھەقتە سەلمان فارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"تاماقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى قولنى يۇيۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىككى قولنى يۇيۇشتىندۇر"** (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم، دەيدۇ:" كىمكى ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ ياخشىلىق بېرىشىنى دوست تۇتسا، ئۇنىڭ تاماقى ھازىر بولغاندا ۋە كۆتۈرۈلگەندە ئىككى قولىنى يۇيسۇن"( ئىبنى ماجە، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسلەردىن قولدا ياكى قوشۇق-چوكىدا يەيدىغان تاماق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاماقتىن بۇرۇن قولنى يۇيۇشنىڭ زۆرۈرلىكى مەلۇم بولىدۇ.

تاماقتىن كېيىنمۇ قولنى يۇيۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە قولدىكى تاماقنىڭ يۇقۇندىلىرى كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرگە يۇققاندىن سىرت، ھەر خىل كېسەللىك مىكروپلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"شەيتان ھەقىقەتەن بەك سەزگۈر، بەك ئالغۇچىدۇر، ئۆزەڭلارغا ئېھتىيات قىلىڭلار! كىمكى قولىدا تاماق يۇقى بار ھالدا ئۇخلاپ قېلىپ بىرەر نەرسىگە (كېسەلگە) يولۇقسا، ئۆزىدىن باشقىسىنى مالامەت قىلمىسۇن"(«جامىئى تىرمىزى»، ئەرەبچە نەشرى، 2-قىسىم، 7-بەت).

3. تاماق يېيىش ۋە ئىچىشتىن بۇرۇن "بىسمىللاھ" دېيىش مۇھىم سۈننەت. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ:"مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم، تاماق يەۋاتقان چاغدا قولۇم لېگەندە چېپىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:'ئى بالا، تاماق يېگەندە «بىسمىللاھ»(يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن' دېگەن. شۇنىڭدىن بۇيان تاماق يېيىش ئۇسۇلۇم ھامان رەسۇلۇللاھ دېگەندەك بولۇپ كەلدى". («سەھىھۇل بۇخارى»دىن). مانا بۇ ھەدىس تاماق ۋە يەل-يېمىش يېگەندە باشقىلارنىڭ ئالدىدىكىگە قول ئۇزۇۋتۇشتەك ناچار ئىللەتلەرنىمۇ قامچىلايدۇ.

بىر ئادەم تاماقتىن بۇرۇن "بىسمىللاھ" دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان دېيىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاماق يېگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ(تاماق يېيىشنىڭ) ئەۋۋىلىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا(ئېسىگە كەلگەن ھامان):' بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ (ئۇنىڭ ئەۋۋىلىدە ۋە ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)' دەۋەتسۇن" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

تاماققا شەيتاننىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن "بىسمىللاھ" دېيىش لازىم. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم دەيدۇ:" بىر ئادەم ئۆيىگە كىرگەندە ۋە تامىقىنى يېگەندە ئاللاھنى ياد ئەتسە(يەنى بىسمىللاھ دېسە) شەيتان ھەمراھلىرىغا:'سىلەر ئۈچۈن قونالغۇمۇ يوق ۋە كەچلىك تاماقمۇ يوق(قايتىڭلار!)' دەيدۇ؛ ئەگەر(ئادەم ئۆيىگە) كىرگەندە ۋە تامىقىنى يېگەندە ئاللاھنى ياد ئەتمىسە، شەيتان(ھەمراھلىرىغا): 'سىلەر قونالغۇنىمۇ ۋە كەچلىك تاماقنىمۇ تاپتىڭلار' دەيدۇ" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

4. يېمەك-ئىچمەكنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش مۇھىم سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېگەندە، سۇ ئىچكەندە، كىيىم كەيگەندە ئوڭ قولىنى ئىشلىتەتتى، سول قولى بىلەن باشقا ئىشلارنى قىلاتتى" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"سىلەردىن بىر ئادەم تاماق يېگەندە ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، ئىچكەندە ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ھەقىقەتەن شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ ۋە سول قولى بىلەن ئىچىدۇ"(ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن شەيتاننىڭ سول قول بىلەن تاماق يەيدىغانلىقى، بىزنىڭ شەيتانغا ئوخشاپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، تاماقنى ئوڭ قولىمىز بىلەن يېيىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكى مەلۇم بولىدۇ.

5. يېمەك-ئىچمەكنى ئۆزىدىن چوڭلاردىن(يەنى ئاتا-ئانا، ئۇستاز قاتارلىق چوڭلاردىن) باشلاش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:"بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماق يېيىشكە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماققا قولىنى تەگكۈزمىگىچە، بىز قولىمىزنى تەگكۈزمەيتتۇق"(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ

www.uyghurkitap.com

ھەدىس ئالدىمىزغا تاماق كەلگەندە ئۆزىمىزدىن چوڭلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى: "خوش، تاماققا بېقىشسىلا" دەپ تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن تاماق يېيىشىمىزنىڭ ئەدەب-ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يېمەك-ئىچمەكنى بالا-چاقىسىدىن بۇرۇن ئاتا-ئانىسىغا بېرىپ ئادەتلەنگەن بىر ئادەم، كۆنلەرنىڭ بىرىدە غارغا سولىنىپ قىلىپ چىقىش يولى تاپالمىغاندا يۇقىرىقىدەك ياخشى ئادىتىنى ئاللاھقا ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلۇپ چىققانلىقى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئۈچ ئادەم بىرلىكتە سىرتقا چىقىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى توسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا **ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا سېغىنايلى دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: 'ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا-ئانام بار ئىدى، مەن پادا باقاتتىم، ماللارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن سۈتنى ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈپ ئاندىن سەغىرە باللىرىمغا ۋە ئەھلى ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم، بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم، باللار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇۋاتتى، سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، سۈبھى يورۇپ ئۇلار ئويغانغىچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم، ئى ئاللاھ! ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ' دېۋىدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى..."** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

6. يېمەك-ئىچمەكنى مېھمانلارنىڭ چوڭىدىن باشلاپ ئوڭ تەرەپتىن ئايلاندۇرۇش، ساھىبخانا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇش مۇھىم سۈننەت. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپ: **'ئىچكۈدەك نەرسە بارمۇ؟'** دەپ سورىدى، بىز بىر قوينى سېغىپ، ئۇنىڭغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى، ئۇدۇلىدا ئۆمەر، ئوڭ تەرىپىدە بىر سەھرالىق ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر: **'ئەبۇ بەكرى ئىچسۇن'** دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرەپتىكى سەھرالىق ئادەمگە بېرىپ: **'ئوڭ تەرەپتىن باشلاش كېرەك، ئوڭ تەرەپتىن باشلاش كېرەك، ئوڭ تەرەپتىن باشلاش كېرەك'** دېدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: 'مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى' ئۇ گېپىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ" (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: " بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا ئىچىملىك بەردى. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېلىپ ئىچتى.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ياش بالا بار ئىدى، سول تەرىپىدە بىر نەچچە ياشانغان ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياش بالىغا: ' **بۇ ئىچىملىكنى بۇ بىر نەچچە ياشانغان ئادەمگە بەرسەم قوشۇلامسىز؟'** دەپ سورىدى. ھېلىقى ياش: 'ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن سىلىدىن ئاشقان سۈنى ئىچىش نۆۋىتىنى ھەرگىز باشقىلارغا ئۆتۈنمەيمەن' دېدى. **شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىكنى ئاشۇ ياش بالىغا بەردى**" (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەرنى سۇغارغۇچى ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا ئىچىدۇ**" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

7. كەمتەرلىك يۈزىسىدىن تاماقنى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ يېمەسلىك كېرەك. كىشى چازا قۇرۇپ بىخارامان يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە تاماقنى كۆپ يېگۈسى كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاماقنى ئارقىمۇئارقىدىن كۆپ ئىستېمال قىلىۋېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ھەزىم قىلىپ بولالماي سالامەتلىككە زىيان يېتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئەبۇ جۇھەيفە سەۋائى رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم دەيدۇ: "**مەن تاماق يېگەندە يۆلىنىپ تۇرۇپ يېمەيمەن**" (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرسى بىر قوي ھەدىيە قىلغان، **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يېگەن**، بىر ئەرابى ئۇنىڭغا:" بۇ قانداق

ئۇلتۇرۇش؟“ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئاللاھ ىېنى رەھمدىل قىلدى، زالىم، مۇستەبىت قىلغىنى يوق**“ دېدى) (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

8. ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتمىغان تاماقنى ئەيىبلەپ، باشقىلارنىڭ يېيىشىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان تاماقنى كەمسىتمىگەن ئىدى. كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى**“(ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىرسى كېلەنى پىشۇرۇپ قويغاندا ئۇ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ: ”**مېنىڭ يۇرتۇمدا كېلە بولمىغاچ ئۇنى يېيىشتىن سەسكىنىمەن**“ دېگەن. ئىبنى بەتتالنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئىشى ھۆسنى ئەدەپكە ياتىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتمىغان نەرسىنى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتىشى مۇمكىن. شەرىئەت رۇخسەت قىلغان نەرسىدە چاتاق يوق، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر مەزكۇر كېلەدىن يېگەن. («سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، 261-بەت)

9. تاماق يېگەندە شۇ يەۋاتقان تاماقنىڭ ياخشى پىشقانلىقىنى ۋە يېيىشلىك بولغانلىقىنى ماختاپ، ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بالا-چاقىسىدىن نان بىلەن قوشۇپ يەيدىغان يېمەكلىكنىڭ(بار-يوقلۇقىنى) سورىدى، ئۇلار: ” بىزنىڭ قېشىمىزدا سىركىدىن باشقا نەرسە يوق“ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن ئۇنى يېگەچ: ” **نان بىلەن قوشۇلغان سىركە نېمىدېگەن ياخشى! نان بىلەن قوشۇلغان سىركە نېمىدېگەن ياخشى!**“دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ بەرگەن نېمەتنىڭ بارىغا رازى بولۇش ئۇنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: ”**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: 'نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ'دەپ جاكارلىدى** “ {سۈرە«ئىبراھىم»(14-سۈرە)، 7-ئايەت}.

10. يېمەك-ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش لازىم. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئاغىنىدارچىلىق ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئۇلار ئاشخانا، رېستورانلاردا ئاتا-ئانا ۋە بالا-چاقىلىرىغا خەجلىمىگەن پۇلنى دوست-بۇرادەرلىرىگە كۆز-كۆز قىلىپ بولۇشىغا خەجلەپ، ئۈچ-تۆت خىل تاماق بۇيرۇپ قويۇپ، تاماق كەلتۈرۈلگەندە ئۇنى يەپ بولالماي ئىلغاپ يەپ، بۇزۇپ-چېچىۋېتىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرى بولغان خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان قاتار چايلار يۇقىرىقىلاردىن مۇستەسنا ئەمەستۇر. مېنىڭ ئاشۇنداق بىر قىسىم ئىسراپخورلارغا قارىتا مۇراجىئىتىم شۇكى، سىز ئىقتىسادنى ئىسراپ قىلغاندىن سىرت، يېمەك-ئىچمەكنى ئىسراپ قىلدىڭىز، سىز بۇزۇپ-چېچىۋەتكەن يېمەك-ئىچمەك ئەنە، قاراڭ، ئاۋۇ كوچا دوقمۇشىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھ ئىسراپخورلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**“ {سۈرە«ئەئراف»(7-سۈرە)، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

11. ئائىلە باشلىقلىرى ئۆزى نېمىنى يېسە ئايالى ۋە بالىلىرىغا شۇنى يېگۈزۈش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە مۇئاۋىيە قۇشەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ' ئاياللىرىمىز ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ' دېدىم، رەسۇلۇللاھ: ' **ئۇلارغا ئۆزەڭلار نېمىنى يېسەڭلار شۇنى يېگۈزۈڭلار، نېمىنى كىيسەڭلار ئۇلارغا شۇنى كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى ئۇرماڭلار، ئۇلارنى سەتلىمەڭلار**' دېدى“ («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»دىن).

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن بازارلاردا قورسىقىنى پولو، كاۋاب، شورپا دېگەندەك تاماقلار بىلەن تويغۇزۇۋېلىپ، ئائىلىسىدىكى بالا-چاقىلىرىنى سۆيۈقئاش بىلەن قۇرۇق نانغا تاشلاپ قويىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، بالا-چاقىلار بىلەن يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ئادالەت بەرپا قىلىش كېرەك.

12. قاچا ۋە ياكى لىگەندىن تاماق يېگەندە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېمەي چۆرىسىدىن يېيىش مۇھىم سۈننەت. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

www.uyghurkitap.com

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **بەرىكەت تاماقنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىدىن يەڭلار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار**" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

13. يەۋاتقان يېمەكلىك تاسادىپىي چۈشۈپ كەتسە بۇزۇلغان يېرىنى پاكىز ئېلىۋېتىپ يېيىش مۇھىم سۈننەت. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىرىڭلارنىڭ (تامىقىدىن) بىر لوقمىسى چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ بۇزۇلغان يېرىنى ئېلىۋېتىپ يېسۇن، ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ قويمىسۇن**" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

14. ئىچىملىك ئىچكەندە باشنى چۆكۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتمەي، ئىككى، ئۈچ تىنىپ ئىچىش مۇھىم ئەدەپ-ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەر (ئىچىملىكنى) بىر قېتىمدىلا تۆگە ئىچكەنگە ئوخشاش ئىچمەڭلار، لېكىن ئىككى، ئۈچ (تىنىپ) ئىچىڭلار، (ئىچىملىك) ئىچكەندە 'بىسمىللاھ' دەڭلار، ئىچىپ بولغاندا 'ئەلھەمدۇلىللاھ' دەڭلار**" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

15. ئىچىملىك ئىچكەندە سۇدان، كورا ۋە چەينەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئىچمەي، بىرەر نەرسىگە قۇيۇپ ئىچىش مۇھىم سۈننەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: " **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇدان ياكى تۇلۇم ئېغىزىدىن (ئىچىملىك) ئىچىشتىن توستى**" (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىس شەرىفتىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئىچىملىك ئىچىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە كېسەل يۇقۇشنىڭ ياكى ئىچىملىكتە تەن سالامەتلىككە زىيانلىق مىكروپلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكى، ئىسلام دىنىمىز ساقلىقنى ساقلاش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى 1400 يىل ئىلگىرىكى ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان زامانلاردىلا بارلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرۈپ بولغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولىدۇ.

16. يېمەك-ئىچمەك بار قاچىغا تىنىپ قويۇشتىن ياكى سۇفلەپ (ھۈرۈپ) قويۇشتىن ۋەياكى پۇۋلەپ ئىچىشتىن ئالاھىدە ھەزەر ئەيلەش لازىم. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىغا تىنىپ قويۇشتىن ياكى ئۇنىڭغا پۈۋلەپ قويۇشتىن توستى** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەر سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچكەندە قاچىغا تىنىپ ئىچمەڭلار**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، يېمەك-ئىچمەك بار قاچىغا تىنىپ ياكى سۇفلەپ (ھۈرۈپ) قويۇلسا، ئۇنىڭغا مىكروب يۇقۇپ قالىدىغانلىقى سەۋەبلىك ھەر خىل كېسەل تارقىلىشقا تۈرتكە بولۇپ قالىدۇ.

17. ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا يېمەك-ئىچمەك ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئۇ جەننەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قاچىسىدۇر. شۇڭا بۇ دۇنيادا ئالتۇن-كۈمۈش قاچىسى بار كىشىلەر ئۆزىگە پەخىر قىلىپ، ساپال قاچىسى بار پېقىرلار ھەسرەتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **كۈمۈش قاچىدا ياكى ئالتۇن قاچىدا ئىچكەن ئادەمنىڭ قورسىقىدا دوزاخ ئوتى تۆگىنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ**".

18. يېمەك-ئىچمەكنى مۇمكىنقەدەر ئولتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ياخشى ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: " **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلۇم بىر كىشىنى ئۆرە تۇرۇپ (ئىچىملىك) ئىچىشتىن توستى**"، قەتادا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: " بىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ' يېيىش قانداق؟ ' دېسەك، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ' ئاشۇنداق يېيىش تېخىمۇ يامان ئىشتۇر' دېدى" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆرە تۇرۇپ (ئىچىملىك) ئىچمىسۇن، كىمكى ئۇنتۇپ قالسا ئىچكىنىنى ياندۇرۇۋەتسۇن**" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىسلەردىن يېمەك-ئىچمەكنى ئۆرە تۇرۇپ ياكى مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەدەب-ئەخلاق پرىنسىپىغا مۇۋاپىق

كەلمەيدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. لېكىن ئولتۇرۇش قولايسىز بولۇپ قالغاندا ئۆرە تۇرۇپ ياكى مېڭىپ كېتىۋېتىپ يېيىش، ئىچىش جائىزدۇر. بۇ ھەقتە ئەبدۇلمەلىك ئىبنى مەيسەرە نەززالدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ھەزرىتى ئەلى مەسچىتنىڭ سەيناسىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ’ كىشىلەر ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشىنى يامان كۆرىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم’ “ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”بىز رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدا مېڭىپ تۇرغان ھالەتتە تاماق يەيتتۇق ۋە ئۆرە تۇرغان ھالەتتە سۇ ئىچەتتۇق“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەمىر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ۋە ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆردۈم“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

19. كەچ كىرگەندە يېمەك-ئىچمەك بار قاچا، چېلەك ۋە كۆپ قاتارلىقلارنىڭ ئېغىزلىرىنى مەھكەم يېپىپ، ئۇنىڭغا تارقىلىشچانلىقى تېز بولغان يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”قاچىلارنى يېپىڭلار، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى چىگىڭلار، ھەقىقەتەن بىر يىلنىڭ ئىچىدە ۋابا كېسەل چۈشىدىغان بىر كېچە باردۇر،** (شۇ كېچىدە) **يېپىلمىغان قاچا، چىگىلمىگەن تۇلۇم بار يەردىن ئۆتۈپ قالسىلا ئۇنىڭ ئىچىگە ئاشۇ ۋابا كېسەلدىن چۈشۈپ قالىدۇ“** (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن ئۇ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ قايسى كېچىدە تارقىلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەسلىكى، جۈملىدىن يېمەك-ئىچمەك ساقلايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئېغىزىنى داۋاملىق يېپىپ تۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

20. بىر قانچە كىشىلەر مېھمان بولۇپ ئولتۇرغاندا قورسىقى تويغان بىر ئادەمنىڭ داستىخان كۆتۈرۈلمىگىچە باشقىلارغا ئۆزرە ئېيتماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى ياكى تاماقتىن توختاپ قولىنى ئېرتىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنى خىجىل قىلىپ، تاماقتىن توختاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: **” ھەر قاچان داستىخان قويۇلسا بىرەر ئادەم داستىخان كۆتۈرۈلمىگىچە قوپۇپ كەتمىسۇن، (بىرەر ئادەم) ئۆزىنىڭ قولىنى، تويۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ جامائەت (تاماقتىن) بىكار بولمىغىچە كۆتۈرۈۋالمىسۇن، (ئەگەر قوپۇپ كەتمەكچى ياكى قولىنى تاماقتىن توختاتماقچى بولسا) ئۆزرە ئېيتسۇن، (شۇنداق قىلمىسا) ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى خىجىل قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن (ھەمراھى) قولىنى تاماققا موھتاج بولغان بولسىمۇ توختىتىۋالىدۇ“** (ئىبنى ماجە، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

21. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن تاماقنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇش مۇھىم سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **” كىمكى تاماق يېگەندىن كېيىن: ’ئەلھەمدۇلىللاھىللەزى ئەتئەمەنى ھەزەتتە ئامە ۋە رەزەقەنىھى مىن غەيرى ھەۋلىن مىننى ۋەلا قۇۋۋەتىن‘ (مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر) دېسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ“**(ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلىرىمىزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئەدەب-ئەخلاقلىرىغا ھەقىقي ئەمەل قىلىدىغان قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى، بەتلىرى ئۇيغۇر سوفت «ئەلكاتىب 2.7» نۇسخىسىدا ئىشلەندى ۋە ئۇيغۇر سوفت «ئەل كوررېكتور»دا كوررېكتورلۇق قىلىنىپ، مەتبەئە نۇسخىسى بېسىپ چىقىرىلدى.**
**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم كىيىش ئەدەبلىرى

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىنسانلارنىڭ كىيىم كىيىشكە ئادەتلىنىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىجادىيىتىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا كىيىنىش ئەدەبلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن كۆرسەتمە بەرگەن: **"ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا(ياكى تاۋاب ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار"** {سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، 31-ئايەت}. يەنە مۇشۇ سۈرىنىڭ 26-ئايىتىدە: **"ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق. تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار(يەنى ئىنسان بالىلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى-مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدۇر"** دەپ تەلىم بەرگەن. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "لىباسىڭلارنى چىرايلىق كىيىڭلار" («سەھىھ ھەدىسلەر») دەپ يوليورۇق بەرگەندى. ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە لايىق، مۇسۇلمانلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىيىنىش ئادەتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

## 1. ئەۋرەتنى ياپىدىغان كىيىمنى كىيىش لازىم

**يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، ئەۋرەتنى يېپىش ئاللاھنىڭ ئەمرى، بىز مۇسۇلمانلارغا يۈكلەنگەن پەرز، ئاللاھقا تەقۋادارلىقنىڭ بەلگىسى. ئەۋرەتنى كىيىم بىلەن يېپىش ھايانىڭ، ئىماننىڭ قالقىنى.**

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئوچۇق قويۇشى، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى، بەك قىسقا يوپكا، بەك تار ئىشتانلارنى، بەك نېپىز كىيىملەرنى كىيىشى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەندى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغانىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 27-ئايەت} دېيىلگەن. ناھايىتى روشەنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدە تۇنجى رەت يالىڭاچلانغان ئىكەن. شۇڭا بۈگۈنكى باياشاد، كەڭتاشا زاماندا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىشىمىز——شەيتانغا دوست تارتقىنىمىز، ئەلۋەتتە.

كىيىم كىيىشتىن مەقسەت ئەۋرەتنى يېپىش، زىننەتلىنىش، سوغۇقتىن ساقلىنىش: بۇنىڭ ئىچىدە ئەۋرەتنى يېپىش نىشان، مەركىزىي نۇقتا. بىزنىڭ نۇرغۇن تەقۋادار قىز-ئاياللىرىمىز ئەۋرەتلىرىنى سەترى قىلىدىغان، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، يارىشىملىق بولغان تەقۋا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرىدۇ، بۇلار گويا ئەرشتىكى پەرىشتىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا يۈرگەندەك شۇنداق ئالپىتە، يېقىملىق، سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر قىسىم قىز-ئاياللار ئۇلارنى قالاق، خۇراپىي دەپ ياراتمايدۇ. ئۆزلىرى بولسا چەتئەل مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە دوراپ، چەتئەل كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ، كىيىم كىيىشتە، ياسىنىشتا بەسلىشىپ كىيىملىرىنى كۆز-كۆز قىلىشىدۇ.

ئەسلى گۈزەللىك روھتا، قەلبتە ئىدى، ھازىرقى بىر قىسىملار گۈزەللىكنى كىيىمدىن، زىبۇزىننەتتىن، گىرىمخانىدىن ئىزدىشىدۇ.

يالىڭاچلىقتا مايمۇننى ئۈلگە قىلغان، ھاياسىزلىقتا شەيتانغا ساۋاق بېرىدىغان بىر قىسىم چەتئەل قىز-ئاياللىرىنىڭ چاكىنا، مىشچان تۇرمۇش ئادىتىدىن قانداق ئاقىۋەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بايراقدارى بولغان ئامېرىكىدا ھەر ئالتە مىنۇتتا بىر قېتىم ئاياللارغا پوخورلۇق قىلىش، ھەر 8 سائەتتە بىر قېتىم باسقۇنچىلىق قىلىش، ھەر 24 سائەتتە بىر قېتىم قاتىللىق قىلىش دېلوسى يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. مانا بۇ يالىڭاچلىنىپ مۇنبەرگە چىققان ھاياسىزلىقتا چېكىدىن ئاشقان ئاياللارنىڭ پاجىئەسى! ''مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوغۇل ستودېنتلارنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرىكى جىنسىي قىلمىشقا قوشۇلىدىغىنى 70 پىرسەنتنى، قىز ستودېنتلارنىڭ 60 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 15.5 پىرسەنت بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 9.9 پىرسەنت ئوقۇغۇچى كۆڭلى چۈشۈپ قالسىلا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارىغان. 2.5 پىرسەنت ئوقۇغۇچى ھەتتا ماقۇل بولۇپ ئازغىنە نەپ يەتكۈزسىلا جىنسىي ئالاقە قىلغان'' («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2005-يىل 5-سان، 75-بەت). جەمئىيەتتە ئەڭ مۇقەددەس كەسىپ، ئادەم تەربىيىلەيدىغان مەرىپەت ئوچىقى بولغان ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم ستودېنتلارنىڭ ھالى شۇ بولسا، ئوقۇشسىز، كەسىپسىز، ئىچىپ-چېكىشنى كەسىپ قىلىۋالغان كوچا ياشلىرىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ياشلاردىكى بۇ خىل روھىي بۇلغىنىشنى جەمئىيەتتە راھەت-پاراغەت، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىش، ھەررەڭ-سەررەڭ ياسىنىپ، يېرىم يالىڭاچلىنىپ، ئىشرەتخانا، بەزمىخانا، تانسىخانا، دېسكوخانا، تورخانىلاردىن لەززەت ۋە ھۇزۇر ئىزلەشنى بەخت سانايدىغان چاكىنا تۇرمۇش ئىستىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل قەبىھ تۇرمۇش ئۇسۇلى قاباھەتلىك روھىي پاجىئەدۇر.

بەزى قىز-ئاياللىرىمىز ھەتتا بەزى ئىككى-ئۈچ سەبىگە ئانا بولغۇچىلىرىمىزمۇ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ تاجىسى ھېسابلىنىدىغان سۇمبۇل چاچلىرىنى بۇزۇپ، ھەر خىل رەڭدە بوياپ، ئاللىكىملەر بىلەن ئويناپ، شەيتان ئۈچۈن بەزمە قىلىپ، شەيتاننى كۈلدۈرۈپ، مۇسۇلماننى يىغلىتىپ يۈرسە، ھالال-ھارامنىڭ، ياخشى-يامانىنىڭ پەرقىنى بىلمىسە، ھايا-ئىپپەتنى، ئۆرپ-ئادەتنى، ئىسلام دىنىنى دەپسەندە قىلىشىغا بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلارمۇ كۆرمەس، بىلمەس بولۇۋېلىپ، بەخۇدۇك يۈرسەك، بۇ ئەۋلاد ئىلگىرىكى ئەجدادقا يەتمەسلىك پاجىئەسى بىزگە خىرىس قىلىدۇ، ئەلۋەتتە! ھەزەر ئەيلەڭ، ئاگاھ بولۇڭ! ئاللاھ تائالا: ''**ئاللاھ سىلەردىن بىر گورۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گورۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ**'' {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 30-ئايەت} دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''كىمكى بىرەر مىللەتنى چىن دىلىدىن سۆيسە، **قىيامەتتە ئاللاھ ئۇنى ئاشۇ مىللەت سېپىدە تىرىلدۈرىدۇ**'' («سەھىھ ھەدىسلەر»). ''**كىمكى شۆھرەت تېپىش نىيىتى بىلەن ياسىنىپ كىيىم كىيسە، ئۇ تاكى كىيىملىرىنى يەشمىگىچە ئاللاھنىڭ رەھمەت نەزىرىدىن يىراقتا بولۇر**'' (يۇقىرىقى كىتاب) دەپ ئاگاھ ۋە دانا بولۇشىمىزنى تاپشۇرغان.

## 2. كىيىم-كېچەكنى ئۇزۇن-قىسقىلىقى، كەڭ-تارلىقى نورمال كىيىش لازىم

مۇسۇلمانلارغا ئەۋرەتنى يېپىش پەرز بولغىنى ئۈچۈن ئاساسەن ئۇزۇن، كەڭتاشا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. كىيىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى بەدەن ئېگىزلىكىگە مۇۋاپىق ھالدا نورمال بولغىنى ياخشى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تون، كۆينەك، ئىشتانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوشۇقتىن ئۆتۈپ كېتىشىنى چەكلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئىشتاننىڭ ئوشۇقتىن ئاشقىنى دوزاختا كۆيىدۇ**'' (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس) يەنە مۇنداق دېگەن: ''**ئاللاھ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئىشتاننى يەرگە سۆرىتىپ كېيۋالغۇچىلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ**'' (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى). كىيىملەر يەرگە سۆرەلگەندەك ئۇزۇن بولسا، بىرى، يەردىكى نىجىس، نىجاسەتلەر ئاسان يۇقۇپ بۇلغىنىدۇ، يەنە بىرى ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىككە دەسمىي بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ

www.uyghurkitap.com

زىغىرچە كىبىرى بار ئادەمگە غەزەپ قىلىدۇ.

كىيىمنى كەڭرەك، ئۇزۇنراق كىيگەندە ئەۋرەتلىرى يۇركىلىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ قىسمەن فىزىئولوگىيىلىك ئەيىبلىرى (پەتەكلىك، سېمىزلىك، ئورۇقلۇق، پۇتى مايماق، قوڭى دوڭغاق، ئاسقاق، كۆكسى، كاسىسى يوغان بولۇش قاتارلىقلار) كىيىم ئىچىدە قېلىپ، قامىتى، نازاكىتى، لاتاپىتى گەۋدىلىنىدۇ. كىيىم كەڭ بولسا قان ئايلىنىش، ھەر قايسى ئەزالارنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى، ئۆسۈشىگە پايدىلىق. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **''ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن''** {سۈرە«ئەھزاب»(33-سۈرە)، 59-ئايەت}. يەنە مۇنداق دېگەن: **''مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ليچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن باشقىلارغا كۆرسەتمىسۇن''** {سۈرە«نۇر»(24-سۈرە)، 31-ئايەت}. ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى ئۆزىنى(ئىپپىتىنى) پاك قوغداپ قېلىشى، پاك مۇھەببىتى، ئىپپىتى، ئامانىتىنى قوغداپ قېلىشى ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئالاھىدە كۆرسەتمە بېرىپ ئايەتى كەرىم نازىل قىلىشى ئاللاھنىڭ ئاياللارغا رەھمەت-شەپقىتى، پەزلى-مەرھەمىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھتىن قورقۇڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **''بارچە ياخشىلىق خۇلقى خۇشلۇقتىدۇر. بارچە گۇناھ ۋە يامانلىق دىلدىكى غەشلىك ۋە ئۇياتلىق ئىشتىدۇر''** («سەھىھ ھەدىسلەر») دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى.

## 3. ئاددىي كىيىنىش لازىم

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: '' ئاددىي كىيىم كىيىشمۇ ئىماندىندۇر'' («سەھىھ ھەدىسلەر») دەپ تەلىم بەرگەن ۋە كىيىم-كېچەك، سەللە، لېچەك، تون-پەرىجە كىيگەندە ئاددىي رەختلەردىن كىيىپ ئۈلگە كۆرسەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ھەر دائىم ئاددىي، پۇختا رەخت ھەتتا قوپال كىگىز كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ''مەن ئەنەستىن: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق كىيىمنى ئەڭ ياقتۇرۇپ كىيەدۇ؟' دەپ سورىسام، ئۇ: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەڭلىك پاختا كىيىمنى ئەڭ ياقتۇرۇپ كىيەدۇ' دەپ جاۋاب بەرگەن''. ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ''مەن ئائىشەنىڭ يېنىغا بارسام ئۇ يەمەندە ئىشلەنگەن بىر ماتا كۆرپە بىلەن ياماق سېلىنغان كىگىز كىيىمنى بىزگە ئېلىپ چىقتى ۋە: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتىدا ئۈچىسىدا مۇشۇ كىيىملەر بار ئىدى' دېدى'' (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرەپكە يېپەك، سول تەرىپىگە ئالتۇننى قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ''بۇ **ئىككىسى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام''** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). **''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشىنى چەكلىگەن''** (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى). ھازىر بىر قىسىم ئوغۇل، ئەرلىرىمىز تاپتىن چىقىپ، چىشلىرى ساپساق تۇرسىمۇ ئېغىزلىرىنى ئالتۇن چىشقا تولدۇرۇپ، قوللىرىغا يوغان ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قۇلىقىغا ھالقا، بويىنىغا زەنجىر ئېسىۋالىدىغان بولۇشتى. ئىستېمالدىكى بۇ خىل چەكتىن ئاشقان ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، قارىغۇلارچە دوراش، ئاڭسىزلارچە ئەگىشىش روھىي جەھەتتىن ئېزىش ۋە روھىيىتىمىزدە يۈز بەرگەن چوڭ پاجىئە. بۇ ھالەت ئاز سانلىق ئوغۇل، ئەرلىرىمىزنىڭ ئوغۇل بالىلىق خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ زەيپانىلاشقانلىقىنى، ئەركەكلىك سالاپىتى، ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. ئەرلەر ئەرەنچە، ئاياللار ئايالچە كىيىنگىنى ياخشى

مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللاردەك كىيىنىۋالماسلىقى، مۇسۇلمان قىز-ئاياللار ئەرلەردەك كىيىنىۋالماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ ئاياللارنىڭ كىيىمنى كەيگەن ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ كىيىمنى كىيىدىغان ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن''** («سەھىھ ھەدىسلەر»). ئاللاھنىڭ لەنىتى ھالاكەتلىك گۇناھى كەبىر ئۆتكۈزگۈچىلەرگە خاستۇر. ئەرلەر ئەركەكتەك كىيىپ، ئوغۇلبالىلىق شەرىپى، ئىززەت-غۇرۇرىنى ساقلىغىنى ياخشى، ئەرلەردەك كىيىم كىيگەندە يىگىتلىرىمىزنىڭ قامىتىدىكى كۈچ-قۇۋۋىتى، باتۇرلۇقى، غەيرەت-جاسارىتى، قەيسەر-غەيۇرلۇقىنى بەھەيۋەت كۆرسىتىدۇ. ئاياللار دۇنيانىڭ كۆركى-زىننىتى، ھاياتنىڭ تەمى-لەززىتى، بۇدۇنيادىكى بەختنىڭ مېغىزى. ئاياللار ئايالچە كىيىم بىلەن زىننەتلەنسە ئۆزلىرىنىڭ نازۇك

لاتاپىتى، ھۆسنى-جامالى، ھايا-ئىپپىتى، ئەخلاق-پەزىلىتىنى تېخىمۇ جەۋلان قىلىدۇ. قىز-ئاياللىرىمىز ئۆز زېمىنىدىكى ۋەزىپىسىنى، جەمئىيەتتىكى بۇرچى-مەسئۇلىيىتىنى، ئائىلىدىكى رولى-ۋەزىپىسىنى تونۇپ ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىشى كېرەك. ئايال تۈزەلسە ئائىلە تۈزۈلىدۇ، جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، ئەۋلاد تۈزۈلىدۇ، مىللەت تەرەققىي قىلىدۇ، دۆلەت كۈچىيىدۇ. ئايال تاپتىن چىقسا ھەممە، ھەممە بۇزۇلىدۇ. ياخشى ئانىلار ئائىلىنىڭ رەھبىرى، قورغۇچىسى، پەرزەنتىنىڭ ئۇستازى، ھىماتچىسى، ئەرلەرنىڭ ياردەمچىسى، تەربىيىچىسى، مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئانىلار پۈتۈن دۇنيا. دۇنيا ئانىلارنىڭ قولىدا، مىللەتنىڭ ئۈمىدى ئانىلاردا، ئانىلارنىڭ قانداق بولۇشى ئائىلىنىڭ، بالىلارنىڭ تەقدىرى، خاراكتېرى، كەلگۈسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەجدادلار "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قويرۇق"، "چاقى بۇزۇلسا تانىسى، بالىسى بۇزۇلسا ئانىسى" دېگەن ئەقلىيەلەرنى قالدۇرغانىكەن.

قىز-ئاياللىرىمىز ئۆزىنى تونۇماي ئاللاھ ئاتا قىلغان قىزلىق نازاكىتى، ھايا-ئىپپىتىنى قەدىرلىمەي، ئوغۇللاردەك كىيىنىپ ھەم ياسىنىۋېلىپ، چەتئەللەرنىڭ كىيىنىشى، شالغۇت مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە دوراپ ئۆگىنىپ، كۈندۈزلىرى كوچىدا، سەيلىگاھتا، كېچىلىرى تانسخانا، مەيخانا، بەزمىخانا..لاردا باش گىلدىڭلىتىپ يۈرسە، قايسى جىنس، قايسى مىللەت، قايسى دىندىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل روھىي بۇلغىنىش قىز-ئوغۇللىرىمىزنىڭ چەتئەل ئۇسۇللىرى، كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرىنى قارا-قويۇق ئۆگەنگەنلىكى، نادانلىقىدىن بولىۋاتىدۇ.

چەتئەل مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە دوراش ئاڭقاۋلىقتۇر، ئەڭ ساددا نادانلىقتۇر. مىللەت بىر قەۋمنىڭ تەبىئىي بىرلىك توپى بولۇپ، بۇ قەۋمنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى، ئاجىزلىشىپ يوقىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ مەزكۇر مىللەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ مىللىي روھىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئىزدىنىشى، سىجىل تەرەققىيات ئۇقتىسىنەزىرىدە مۇستەھكەم تۇرغان-تۇرمىغانلىقىغا باغلىق. مىللىي روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەم جەمئىيەتتە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئاۋانگارت، ئەڭ پىداكار بولالايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەر بىر شەخسنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

### 5. كىيىمنى پاكىز كىيىشكە ئادەتلىنىش كېرەك

«قۇرئان كەرىم»دە: "**كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول**" {سۈرە «مۇددەسسىر» (74-سۈرە)، 4-ئايەت}. "**ئاللاھ ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 222-ئايەت} دېگەن ئايەتى كەرىمەلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى**"، "**ئاللاھ پاك، پاكىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ**" («سەھىھ ھەدىسلەر») دەپ تەلىم بەرگەن. پاكىزلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. پاكىزلىق ئادەمنىڭ جىسمى، روھى، مۇھىتى، كىيىنىشى، تۇرمۇش ئادىتى، پەزىلىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق كۈندىلىك ھەرىكەت ئىپادىسىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ياخشى پاكىزلىق ئادىتى يېتىلدۈرگەندىلا ئىمانىمىز پاك، تېنىمىز ساغلام، روھىمىز جۇشقۇن، تۇرمۇشىمىز گۈزەل، ئائىلىمىز بەرىكەتلىك بولالايدۇ. تازىلىققا سەل قارىساق، تېنىمىز، روھىمىز، كىيىمىمىز، مۇھىتىمىز، ئۆيىمىز پاك بولمىسا، قىلغان تائەت-ئىبادىتىمىزمۇ مەقبۇل بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا گۇناھكار، ئاخىرەتتە زىيانكار بولۇپ قالىمىز. ئۆتكەن نامىزىمىز، قىلغان دۇئايىمىز قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تېنى، كىيىمى، مۇھىتى، ئۆيى پاسكىنىلارنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئىسلام دىنى پاكىزلىقنى تەكىتلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پاك-پاكىز، گۈزەل مۇھىت، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. پاك-دىيانەتلىك، تەقۋادارلىق جەننەتنىڭ ئاچقۇچى. پەيغەمبىرىمىزدىن جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟ دەپ سورالغاندا: پەيغەمبىرىمىز: "**ئاللاھقا تەقۋادار بولۇش ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش**" دېگەنىكەن (تىرمىزى رىۋايىتى). كىيىمنى پاكىز كىيىش، بەدەننى پاكىز تۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر.

### 6. كىيىمنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىش ۋە شۇنداق ئادەتلىنىش كېرەك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشنى ئوڭدىن قىلىشنى، كىيىمنىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىشنى

ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياغ كىيىش، باش تاراش، تاھارەت ئېلىشتا ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى**" (مۇسلىم رىۋايىتى) دېگەنىدى. ھەممە ئىشنى ئوڭدىن باشلاپ قىلىش، كىيىمنىمۇ ئوڭدىن باشلاپ كىيىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز ھەر قانداق ئىش قىلىشتا پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مۇقەددەس كالامى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ سۈننەتلىرىنى ئۆلگە قىلىپ، قۇرئاننىڭ ھىدايەت نۇرى، كۆرسەتمىسى بويىچە بارلىق ھاياتلىق، تۇرمۇشلۇق ئىشلىرىمىزنى سەرەمجان قىلساق ئاللاھقا يېقىنلىشالايمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى قاتارىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە مۇيەسسەر بولالايمىز.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتى بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنى شۇ تەبىئى تۇپتىكى بارلىق ئەزالار ئورتاق تىرىشىپ، ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ئورۇن، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا يارىتقان بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى، رەڭدارلىقى، گۈلدارلىقى، ئالاھىدە پېچىم-پاسونى، نەپىس گۈزەللىكى بىلەن تارىختىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق بولۇپ، كىيىم-كېچەك مودا نۇسخىلىرىمىز كۆركەملىكىنى ئىزچىل يوقاتماي، كۆز قاماشتۇرۇپ، شەرەپ قۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ دۆلىتىمىز بويىچە ساياھەت بايلىقى مول رايونلارنىڭ بىرى. ساياھەتچىلىك شىنجاڭدا تۈۋرۈك كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆرپ-ئادەت ساياھەتچىلىكى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى كۆزنۈر. مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىز ئىچىدە كىيىم-كېچەك پوسۇنلىرى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، كۆركەملىكى، يارىشىملىقى، گۈلدارلىقى، جىلۋىگەرلىكى بىلەن ھەر دۆلەت، ھەر مىللەت ساياھەتچىلىرىنى قىزىقتۇرۇپ، زوقلاندۇرۇپ كەلمەكتە. باشقا دۆلەت، باشقا مىللەت خەلقىنى شۇنچە سۆيۈندۇرۇپ كۆزلىرىنى مەپتۇن، كۆڭۈللىرىنى مەجنۇن قىلغان بىباھا، تەڭداشسىز گۈزەل مەدەنىي مىراسلىرىمىز، كىيىم-كېچەك ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن ئاڭسىزلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، مىللىي كىيىممىزنىڭ ئورنىغا غەلىتە كىيىملەرنى مودا بىلىشىپ، قىممەت سېتىۋېلىپ، ئەتىۋارلىق قىلساق، بۇ بىزدىكى مىللىي روھنىڭ زەئىپلىكى، غۇرۇر-ئىپتىخارىمىزنىڭ سۇسلىقى، ئىمان-ئېتىقادىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئۆزلۈك مەدەنىيىتىدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادىتىدىن پەخىرلىنىشنى بىلمىگەن، ئېسىل مەدەنىي مىراسلارغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلىنىشنى بىلمىگەن، خالىمىغان ئەۋلاد ئۆز ئەجدادىغا ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دۇنيانىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. مىللىتىمىزنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى مىراسلىرى مەدەنىيەتنىڭ ھەم ئۆرپ-ئادەتنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى؛ شۇنداقلا مىللىي سالاھىيەتنى تونۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئىسلام دىنىمىزنىڭ كىيىم كىيىش ئەدەبلىرى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، قىسقىسى، مەدەنىيلىك بولۇش دەۋرنىڭ تەلىپى.

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



## مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئېلىمىزنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە لۇغەتشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2005-يىلى 4-ئۆكتەبىردىن 6-ئۆكتەبىرگىچە ئالىمنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكىرىدىكى پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ئىمىن تۇرسۇن، ئۇيغۇر سايرانى، غازى ئەھمەد، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازات سۇلتان، مۇھەممەد سالىھ داموللا، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئىمىن ئەھمىدى، مۇھەممەد زۇنۇن، ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىق 150 تىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەھلى ئىلىملەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئەزىزانە قەشقەرگە جەم بولۇپ، ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 930 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرەھىم «ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە بۈيۈك تىل قامۇسى — ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇلۇغۋار مەزمۇنلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئەكبەر غوپۇر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتى ھەم ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تونۇشتۇردى. ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگىلا ئەمەس بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپە ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ئۇنىۋېرسال قامۇسنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلىرى توغرىسىدا يېزىلغان 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسىنى بۇ يىغىنغا سۇندى ۋە 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنى چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپا مۇھاكىمىسىگە قويدى. يىغىن ئارىلىقىدا ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەھەللىسى ئوپالغا بېرىپ، مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى، ئالىمغا ئاتاپ مەرسىيە-مەدھىيىلەرنى ئوقۇدى ۋە قويۇق مىللىي پۇراقتا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولدى يىغىن جەريانىدا يىغىن ئەھلى يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، ئاپئاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق ئاسارىئەتىقە ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم رەھمان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتىنى ئېنىقلاش ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئىشلەشتە تۆھپە قوشقان ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاش قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە ئۇلار چوڭ يىغىندا مۇكاپاتلاندى. يىغىن ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇت خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50

يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان ئەھمىيەتلىك ۋە خۇشاللىق كۈنلەردە قەشقەردە داغدۇغىلىق ۋە مول نەتىجىلىك ئېچىلىپ، قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى بولغان قەشقەرگە يېڭىچە مەدەنىيەت كەيپىياتى قوشقانلىقىنى، بۇ قېتىمقى يىغىن كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەتىجىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تەسىرىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ تۇگۇنى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوڭ مەدەنىيەت بايلىقى رايونى بولغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆمۈلۈپ ياتقان ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تېزرەك ۋە كۆپرەك نەتىجە يارىتىپ، بۇ مىراسلارنى تېزدىن پەن-تەتقىقات نەتىجىسىگە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى تېزدىن جۇڭگودىكى مەدەنىيەت بايلىقى چوڭ رايونغا ئايلاندۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش ھەققىدە بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تەتقىقاتچى(پروفېسسور) شەمشىدىن ھاجى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. بېيجىڭدىن يەنە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تەۋەككۇل تىلىۋالدى، جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرۇپ بارات، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن قادىر، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى مەترېھىم سايىت، ئابدۇرەئۇپ پولات قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا باشتىن ئاياغ ئىشتىراك قىلدى. (ش)

(باش قىسمى 54 -بەتتە)

قىلىپ، باللارنىڭ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە نەيدەكچىلىك قىلدى. نەتىجىدە ئوقۇشتىن قېلىش ۋە چېكىنىش ئېھتىماللىقى بولغان نۇرغۇن بالا ئوقۇش يۇرىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ خادىملىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان، ئۇلارنى ئەزىزلەيدىغان، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ھېرىسمەن، تولىمۇ ئىلمىي، كىچىك پېئىل زات ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى يۇرتىنىڭ پەخرى، يېتەكلىگۈچىسى، جاپاكەش باغۋەنلىرى دەپ تونۇپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرىدا ئۇلار بىلەن يانمۇيان ئولتۇراتتى ياكى ئۇلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن ئولتۇرغۇزاتتى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرتىپ ئائىلىسىدە مېھمان قىلاتتى. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ياخشى ئوقۇپ، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەپ، يۇرتىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سانائەت ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئالىمنىڭ تاۋۇتى كەينىدىن كېتىۋاتقىنىمىزدا، ناھىيىمىزدىكى بىر رەھبىرىي كادىرىنىڭ: "داموللام بىر دىنىي زات بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە مائارىپشۇناس ئىدى" دېگىنىدەك، بۇ زاتى مۇبارەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مائارىپنى ياقىلىغان ۋە قوللىغان ئىدى.

ئۆزىنىڭ توغرا مەيدانىدىن ئەسلا يانمايدىغان، ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىدە ئىسلام دىنىي ئەھكام، شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە بېجىرىشنى ۋىجدانىي بۇرچ دەپ تونۇيدىغان، ئورۇنسىز، بىھۇدە سۆزلىمەيدىغان، ناتوغرا، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە دەرھال رەددىيە بېرىدىغان، كەسكىن پىكىرلىك، كەمتەر، سەممىي، ئاددىي-ساددا، تىرىشچان، تەلەپچان، ئىرادىلىك، مېھرى ئىسسىق بۇ مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئالىمنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ دىنىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى، ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئىنسانىي خىسلىتىنى تەرىپلەپ بولۇشقا تىلىمىز چولتىدۇر.

(ئاپتورلار: گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە بۈيۈك تىل قامۇسى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»*

ئابلىز ئابدۇرەھىم

(شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق شانلىق تويىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىنىۋاتقان بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە ئاپتونوم رايونىمىز ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان شەھەر ئەزىزانە قەشقەرگە جەم بولۇپ، بۇ شۆھرەتلىك دىياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گىگانت ئىنسان، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى ۋە ئۇنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك بۈيۈك قامۇسىي ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 930 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىمەكتىمىز.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلاردىن باشقا ئۇچۇر يوق. مانا بۇ ئەھۋال تەتقىقاتىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالىم تەخمىنەن مىلادى 1005-يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىغ(ھازىرقى قۇمباغ) كەنتىدە تۇغۇلغان. ئالىم نەسەب جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانزادىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. مەھمۇدنىڭ دادىسى

قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەن بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى

مەھمۇدنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئېسىلزادىلەردىن بولغان خوجا سەيپىدىنىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ئېسىل تەبىئەتلىك، ئەقىللىق، ئۇقۇمۇشلۇق، مۇزىكىغا ھېرىسمەن، پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، ئېرى ھۆسەيىننىڭ قابىل ياردەمچىسى ئىكەنلىكىگە ئائىت رىۋايەت ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى مەدرىسىلەردە ئالغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى مەشھۇر «مەدرىسەئى ھەمىدىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە» قاتارلىق مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئالغان. ئالىم مۇشۇ ئىلىم ھۇزۇرىدا ھۆسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىدەك كاتتا ئالىملارنىڭ قوللىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، يەنە زامانىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسى، تىل ئىلمى، مەنتىق(لوگىكا)، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم يەنە خان جەمەتى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بىلىش زۆرۈر بولغان چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن. بۇ ھەقتە «دىۋان» دا: " مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن... " دەپ يازىدۇ.

ئوردىدىكى خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىش مالىمانچىلىقلىرى

* بۇ ماقالە مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن بولۇپ، ئايرىم جايلىرىنى قىسقارتىپ بەردۇق. — تەھرىردىن.

مەھمۇدنىڭ دادىسى ھۇسەيىننىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەتلەرنى سالىدۇ. بۇ مالىمانچىلىقلاردىن ئامان قالغان مەھمۇد ئائىلىسى ۋە يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، باشقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بولغۇسى ئالىم بالىلىقىدىنلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ، قەشقەردىكى مەدرىسەئى ساچىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا تىل ئىلىمگە، جۈملىدىن ئانا تىلىغا ناھايىتى زور قىزىقىش-ئىشتىياق پەيدا بولغان ۋە بۇ يولدا كۆڭلىگە بۈيۈك ئارزۇلارنى پۈككەنىدى. ئەنە شۇ يىللاردا ياش مەھمۇدنىڭ قەلبىدە ئويغانغان تۈركىي تىللارنىڭ گرامماتىكىسىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب يېزىش ھەققىدىكى ئويلىرى مەدرىستىكى ئۇستازلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە مەھمۇدنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تۇنجى ئەسىرى «كىتابى جاۋاھىرۇن نەھۋى فىل لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ھەققىدە ئالىم «دىۋان»دا: ”بىرلىك، كۆپلۈك، ئاشۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، كىچىكلىتىش ۋە تۈرلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرمۇ سۆزلەنمىدى. چۈنكى بۇلار ئۈچۈن ئايرىم بىر كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭغا «كىتابى جاۋاھىرۇن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم“ دەپ يازىدۇ. بۇ كىتاب گرامماتىكىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭ گەرچە قورال كىتابلىق قىممىتى بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى ئۇ تۈركىي تىللارنى ھەم يېزىقنى قائىدە-قېلىپقا سالغانىدى. دېمەك، ئالىم تۈركىي تىللارنىڭ سىنتاكسىسىغا ئائىت ئاساسىي قائىدىلەرنى مانا شۇ كىتابىدا بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن «دىۋان»دا بۇ ھەقتە قايتا توختالمىغان. مىڭ ئەپسۇسكى، ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئۆمۈرلۈك بۈيۈك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كېزىپ يۈرۈپ تىل تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارىدۇ ۋە كېيىنكى بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلايدۇ. ئالىم 15 يىلغا سوزۇلغان تىل تەكشۈرۈشىدىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باغدادقا قاراپ يول ئالىدۇ. باغداد ئەينى يىللاردا شۇ زاماندىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردىكى زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى، تىلشۇناسلىرى بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولىدۇ. تەپەككۇر قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلاپ، مىلادى 1072-يىلى 25-فېۋرالدا «دىۋان»نى يېزىشقا كىرىشىدۇ ۋە تۆت قېتىم قايتا تۈزىتىپ، تولۇقلاپ مىلادى 1077-يىلى 9-يانۋاردا بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئىشنى نەتىجىلىك تاماملاپ، ئاbbasىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27-خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئەل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىدۇ ھەمدە ئەينى زاماندا ئىنتايىن زور تەسىر قوزغايدۇ.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئالىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئوپالدا مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسى قەشقەردە ”ھەزرىتى موللام مازىرى“ نامى بىلەن مەشھۇر. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن بۇ مەقبەرە قايتا ياسالدى. بۇ مەقبەرە ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن ئالىملار، ئىلىم تەلەپكارلىرى ھەم ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان زىيارەتگاھقا ئايلاندى.

مەھمۇد قەشقەرى ئىلىمگە قارىتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەتقىقات يۈرگۈزۈش ۋە ئىجادكارلىق يۈزىسىدىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى قالدۇرماي ئارىلاپ چىققان ھەمدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، تىل ئادىتى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ رەتلەپ چىققان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: ”ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل(چىيىل)، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى“.

مەھمۇد قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شىۋە لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ تىزىپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق

خۇسۇسىيەتلىرى، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرگەن ۋە ئىجابىي يوسۇندا رەتلەپ چىققان. يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ تىل ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا تەتبىقلاپ، تىلشۇناسلىق ئۆلچەملىرى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭىلىق ياراتقان. بۇ خىل ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ''مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم''. ''مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال-تەمسىللەر، بېيىت-قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي-جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم''.

مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە، مەنىۋى كامالەت جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ چىققان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەپەككۇر ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى قورال كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەقەت ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل تۈركىي(تىللىق) خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم-پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش جەھەتتە زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇكەممەل قامۇسىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئالدى بىلەن بىر مۇكەممەل قامۇسىي لۇغەت بولۇش سۈپىتى بىلەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم(سۆز ۋە ئىبارە) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، ئىشلىتىلىشىنى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن، شۇنداقلا 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا قېرىنداش تىللارنى، ھەر قايسى شېۋىلەرنىڭ پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ، گرامماتىكىلىق، فونېتىكىلىق قائىدىلەرنى ئىزاھلىغان.

2.«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي (تىللىق) قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇ زامانلاردا ئىسلام پەلسەپىسى ئىدىئولوگىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە دائىر بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقەرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب، پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخى كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ، بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن بىردىن بىر قەلەم ساھىبىدۇر.

3.«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى نامىلارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن، ھەتتا بۇ ناملار پەقەت ئادەتتىكى ناملار سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلغان.

مەھمۇد قەشقەرى شۇ زامانلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ خاقانىيە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس، مۇھىم يېزىلارنى، قاتناش تۈگۈنلىرىنى، تاغ-دەريالىرىنى تولۇق يازغان.

مەھمۇد قەشقەرى يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمۇلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە، قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن.

ئاپتورىنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ’’دائىرە‘‘ دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمىي خەرىتىسىدۇر.

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالىم بۇ ئەدەبىي پارچىلار يوقىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەي كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەدەر يېتىپ بېرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلغانلىقى ئېنىق. بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار تەخمىنەن 20 پارچىغا يېقىن رىۋايەت، تەكرارلانغان ئالتە پارچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە 237 پارچە شېئىر، قوشاق، تەكرارلانغان قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە 279 پارچە ماقال-تەمسىل، ئىككى پارچە ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئائىت بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي مەدەنىيىتىنى بىلىپ يېتىمىز. مەسىلەن: «دىۋان»دا يېزا ئىگىلىكىگە، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇقىغا ئائىت ئاتالغۇلار، ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭناملىرى، خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەملەر، شەھەر مەدەنىيىتىگە دائىر سۆزلەملەر، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كىيىنىش ئادىتىگە دائىر قىممەتلىك مەلۇماتلار تېبابەتچىلىك ئاتالمىلىرى بېرىلگەن بولۇپ، ئەينى زاماندىكى جەمئىيەت، سىياسەت ۋە ماددىي تۇرمۇش شەكلىنى تەتقىق قىلىشقا چوڭ ياردەم بېرەلەيدۇ.

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە دائىر سۆز-ئاتالغۇلار، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا ئائىت قەدىمكى ۋە شۇ دەۋردىكى سۆز-ئاتالغۇلار، يەنى ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمران تەبىقىلىرى، ئۇنۋانلىرى، ھەربىي تۈزۈم، جەڭ تاكتىكىلىرى توغرىسىدىكى سۆز-ئاتالغۇلارمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، زور تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

7. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن كالىندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلاردۇر.

قىسقىسى، بۈيۈك قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمەن تولىمۇ كۆپ قىرلىق، ئۇنىۋېرسال، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىلىم، مەزمۇنلارنىڭ تىرەن ۋە كەڭلىكىدىن ئېيتقاندا ئاللىقاچان «لۇغەت»سۆزىنىڭ ھازىرقى مەنىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك قامۇسى، دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئۇلۇغ ئەسەر، بۈيۈك ئابىدە ھېسابلىنىدۇ.



# مەرپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئىبراھىم داموللا ھاجى

جارۇللا يۈسۈپ، ئالىم ئىمىن

گۇچۇڭ ناھىيە بازىرى خانئېرىق چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمام ۋە خاتىپى، ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما، مەرپەتپەرۋەر ئۇستاز ئىبراھىم داموللا ھاجى 1998-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى 104 يېشىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بىلەن زور تەسىر ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان بۇ ئۆلىمانىڭ جىنازا نامىزىغا 7000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ئىبراھىم داموللا ھاجى 1894-يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بىر ئەسىردىن ئارتۇق ھاياتىدا ۋەتىنىنى، دىنىنى قىزغىن سۆيۈپ، خەلقىنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، 1911-يىلدىن 1923-يىلغىچە تۇرپاندا ئەھمەد ئىمام ۋە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇملاردىن تەلىم ئالدى. 1923-يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ ماشىنىچىلىق(تىككۈچىلىك) كەسپىنى ئۆگىنىپ، ئۇستا تىككۈچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى بىلەن 1943-يىلى قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى. 1948-يىلى ئۇ ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ شاھادەتنامە ئېلىپ، گۇچۇڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئىمامەتچىلىك ئىشلىرى، تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ھاياتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشنى بىر كۈنمۇ قولدىن بەرمىگەن زات بولۇپ، بىر ئەسىرلىك ھاياتىدا ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتى ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيىتى دەپ توندى؛ 3000 پارچىدىن ئارتۇق ئەرەب، پارس، تۈرك، چاغاتاي ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى كىتابلارنى توپلاپ ئۆز ئائىلىسىدە مەخسۇس قىرائەتخانا بەرپا قىلدى. 1983-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن مالايسىيا، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا زىيارەتتە بولدى. 1985-يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ، تېنىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي نۇرغۇن ھەدىسلەرنى، دىنىي ئەقىدىلەرنى توپلاپ ۋە تەرجىمە قىلىپ چىققاندى. ئەپسۇس، ئالىمنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى قايتا رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇشقا ئۆمرى يار بەرمىدى.

مەرھۇمنىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسى ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شاگىرت ۋە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇ كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئاددىي-ساددا زات بولۇش بىلەن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. تالىپ-شاگىرتلىرىنى ئۆز پەرزەنتى، قېرىندىشىدىن ئارتۇق بىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك قىيىنچىلىقلىرىغا ئورتاقلىشاتتى. كىشىلەرنى بولۇپمۇ ياشلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى، جامائەتكە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇش، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش توغرىسىدا ئۈزۈلدۈرمەستىن، زېرىكمەستىن نەسىھەت قىلاتتى.

ئۇ ھەر قانداق ئورۇندا خەتمىقۇرئان قىلغان، دۇئا-تەكبىر ئوقۇغاندا قويۇلغان پۇل ۋە نەرسە-كېرەكلەرنى ئۆزى ئېلىۋالماي نەق مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا تالىپلارغا، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە بېرىۋېتەتتى؛ ئۆزى ئەسلى كەسىپ قىلغان تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ئۇ كىشىلەرگە دائىم مائارىپ ئورۇنلىرىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنىڭ ساۋابلىقلىقىنى، دىنىي ئورۇن ۋە دىنىي زات، خادىملارنىڭ سودا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى قامداش، ھەرگىزمۇ جامائەتكە يۆلىنىۋالماسلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى جامائەت ئارىسىدا زور تەسىر قوزغاپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. گۇچۇڭ ئۇيغۇر جامائىتى ئۇنى يۇرتنىڭ مەشئىلى، چىرىغى، يولباشچىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ ۋە ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى؛ ئۆزلىرىنىڭ بۇ زات بىلەن يۇرتداش بولۇپ

قالغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئۇ هايات ۋاقتىدا خانئېرىق چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمام ۋە خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، سانجى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، گۇچۇڭ ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گۇچۇڭ ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەپ كەلگەن . ئۇ بۇ جەرياندا ئىزچىل تۇردە ۋەتەننى، دىننى قىزغىن سۆيۈپ، ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆهپىلەرنى قوشۇش بىلەن بىر نەمۇنىلىك دىنىي زات بولۇشتەك ئوبرازىنى تىكلىدى.

ئىبراهىم داموللا هاجى خانئېرىق چوڭ مەسچىتكە ئىمام ۋە خاتىپلىق قىلغان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەزهەپبازلىق، تەپرىقچىلىكنىڭ زىيىنى ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئىسلام دىنىنىڭ هۆكمىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن، ناهىيىدىكى تۈرلۈك مەزهەپبازلىق قىلمىشلىرىنى تۈگىتىشكە زور كۈچ چىقىرىپ، ئېتىقاد شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى، ئىختىلاپ قىلماسلىقنى تەكىتلەپ، تۈرلۈك پىتنە-پاسات ۋە ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە توختەتتى؛ ناهىيە ئىچى ۋە سىرتقى جايلاردىن تۈرلۈك ئىشلار سەۋەبلىك پەتىۋا سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە ئىسلام دىنى ئەهكاملىرى ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىدىن قەتئىي تايمىغان، دۆلەتنىڭ نىزاملىرى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە خىلاپ بولمىغان ئاساستا توغرا، ئادىل ۋە ئىلمىي پەتىۋا بېرىپ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى هەل قىلىپ بەردى. هەتتا بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىلەر، ئېغىر زىددىيەت ئىچىدە قالغان كىشىلەرگە چىقىش يولى ۋە توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. ئۇرۇشۇپ قالغان كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئەجىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ناهىيىنىڭ دىنىي ئىشلىرى ئىزچىل تەرتىپلىك ۋە توغرا هالەتتە داۋاملىشىپ كەلدى.

ئۇ ئىقتىسادچانلىققا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىپ، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرى، مەسچىتتە ئېلىپ بېرىلغان ئەمرى مەرۇپ ۋە خۇتبىلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادچىل بولۇش ئىدىيىسىنى داۋاملىق تەكىتلەپ، نەزىر-چىراغ، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش، هەشەمەتچىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزى ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ بولغان ئائىلىلەرگە بېرىپ، نەق مەيداندا كىشىلەرگە هەشەمەتچىلىك قىلماسلىق، ئىسلامدا يوق ئەمەللەرنى قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەز-نەسىهەت قىلدى، ئۇنىڭ زور دەرىجىدە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلىمايدىغان، مېيىتنىڭ ئايال ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئاق ياغلىقلا سالغاندىن باشقا، باشقىلار ئاقلىق سالمايدىغان، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئۇن سېلىپ قوشاق قېتىپ هازا ئاچمايدىغان، مېيىت چىققان ئائىلە ئۈچ كۈنگىچە قازان قايناتماي، قولۇم قوشنا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىسسىقلىق ۋە مېهرىبانلىق يەتكۈزىدىغان، مېيىت ئۇزىتىشتا تاۋۇت كۆتۈرگۈچىلەردىن باشقىلارنى توشۇشتا باشقىلار خالىس ياردەم تەرىقىسىدە قاتناش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن ئالاهىدە قەبرە قاتۇرۇلمايدىغان هالەت شەكىللەندى. ئۇنىڭ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى مېهماندارچىلىق سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىق، كۆپ ئادەم چاقىرماسلىقتەك تەشەببۇسلىرىمۇ تېز ئومۇملىشىپ، تېجەشلىك، ئاددىي بولۇشتەك هالەت شەكىللەندى.

ئۇنىڭ گۇچۇڭ مىللىي مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆهپىسىمۇ ئالاهىدە بولۇپ، ئۇ باشتىن ئاخىر پەننىي مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ دىنىي ئىشلارغا ئوخشاش چىڭ تۇتۇش، ئەلا بىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. كىشىلەرگە پەرزەنتلىرىنى جەزمەن مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشنى، پەرزەنتىنى ئوقۇتۇشسىز قالدۇرۇشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەكىتلەپ كەلدى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىلىم تەھسىل قىلىش تەشەببۇسىنى بارغانلىكى ئورۇندا تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشسىز قالدۇرماسلىققا دەۋەت قىلدى. هۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنى بارغانلىكى ئورۇندا تەشۋىق قىلىپ، جامائەتتىن مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنى قوللاش، قۇۋۋەتلەش ۋە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئوقۇشتىن توختاپ قالغان، ئوقۇشنى خالىمىغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا نەسىهەت

(ئاخىرى 48 -بەتتە)

## مۇبارەك رامزان ئېيىدىن خەۋەرلەر

**ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى.** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە(رامزاننىڭ 19 ـ كۈنى) بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى. مىسىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران، قازاقىستان، ئالجىرىيە، بەھرەين، بېنگال، ئومان، لىۋان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئىسلام ـ ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، كونسۇللىرى ۋە خادىملىرىدىن 50تىن ئارتۇق كىشى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى،مەسلىھەتچىلىرى، بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەسئۇللىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئىپتارغا داخىل بولدى. رامزان ئېيى باشلىنىش بىلەن بىر مۇنچە ئىسلام ـ ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنى ئىپتارغا چاقىرغانىدى. (ب)

**جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلارنىڭ رامزانلىق پائالىيىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى.** مۇبارەك رامزان ئېيىدا تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە رامزانلىق دىنىي پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تالىپلارنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ، دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ كامىل ئادا قىلىنىشىغىمۇ تولۇق كاپالەتلىك قىلىش جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يىل رامزان كىرگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى تالىپلارنىڭ كۈندىلىك دەرسىنى تەڭشەپ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن تالىپلارنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا ۋە ۋاقتىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاشخانا خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ھەر بىر تالىپقا كۈنىگە 11 يۈەندىن تاماق پۇلى قوشۇپ بېرىپ، تالىپلارنىڭ زوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق تاماق ھەم مېۋە ـ چېۋە تەمىناتىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇپ بەردى. بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ رامزان ئېيىدا روزا ئىبادىتىنى تولۇق ۋە ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ رامزان ئېيىدا مىسىر، لىۋىيە، ئىرانلىق قارىيلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىرائەت ۋە تەبلىغ پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ قىرائەت ۋە ئەرەبچە تىل سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. تالىپلارنىڭ ھەر ئاخشاملىق ئىپتار ۋە تەراۋىھ پائالىيىتىمۇ مول ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رامزان ئېيىدا يەنە 2004ـ2005 ـ يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمى ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاش ۋە مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى، جۈملىدىن شىنجاڭ سىنىپىدىن 8نەپەر تالىپ ئوقۇش مۇكاپاتى ئالدى. ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تالىپلار روزا رامزاننى ساق ـ سالامەت ۋە تولۇق تۇتۇپ، روزا پەرزىنى كامىل ئادا قىلىۋالدى.(ب)

**مىسىر ،لىۋىيە ۋە ئىرانلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامزانلىق قىرائەتتە بولدى** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىرلىق ئىدرىس ئەمىن ئەھمەد قارىي بىلەن ھەمدى فايىز ئابدۇرەببىھى مۇھەممەد شەبىل قارىي 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ21 ـ كۈندىن 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، جىنجو، كەيفېڭ، جياۋزو قاتارلىق شەھەرلىرىدە؛ لىۋىيەلىك تارىق ئەمىر قارىي 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ11 ـ كۈندىن 20 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭ، ساڭجو، تاڭشەن قاتارلىق شەھەرلىرىدە؛ ئىرانلىق قارىي ئەلى شۇئەئى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن زىيارەتتە بولدى ھەمدە جايلاردىكى مەسچىتلەردە كەڭ مۇسۇلمانلارغا قىرائەت قىلىپ بېرىپ،ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئۇلارنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ قىرائەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەجۋىدلىك قىرائەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، جۇڭگو ـ مىسىر، جۇڭگو ـ لىۋىيە، جۇڭگو ـ ئىران مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. (ب)

**ئىران ئەلچىخانىسىدا قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى** ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى مەرھۇم ئايەتۇللا خۇمەينى مۇبارەك رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىنى قۇددۇس كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى پەلەستىن خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە مەدەتكار بولۇشقا چاقىرغانىدى. ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە ئىپتارلىق بەردى. مۇسابىقىگە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن 10نەپەر تالىپ قاتناشتى. پائالىيەت ئاخىرىدا، بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن مۇھەممەتجان قارىي(قازاق)،ئىككىنچى بولغان خېلىل ئوسمان، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن غېنى ئابلىكىم قاتارلىقلارنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈردى. قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ئىپتارلىق پائالىيەتكە جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى،مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن مۇستاپا ياڭ جىبو، ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى. بۇ قىرائەت مۇسابىقىسى مۇسابىقىگە ئىشتىراك قىلغان مۇسۇلمانلار ۋە تالىپلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. (ب)

**مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر تالىپلارغا ئىپتارلىق بەردى.** بېيجىڭدا ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن پەيزاۋاتلىق تىجارەتچى، «شىنجاڭ قەشقەر ئاشخانىسى»نىڭ خوجايىنى ماخمۇتجان ناسىر رامزاننىڭ 27 ـ كۈنى (10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى) 5 دانە قوي، 3 يەشىك قوغۇن، ، 100دانە نان ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. بېيجىڭدىكى خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى چەكلىك ھەسسىدارلىق گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى، خوتەن لوپلۇق تىجارەتچى ئەلى ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلارمۇ رامزاننىڭ 27 ـ كۈنى(10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى) 3مىڭ يۈەن قىممىتىدە يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كېلىپ، ئىسلام

www.uyghurkitap.com

دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىغا، ئۇستازلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن هال سورىدى. تالىپلارمۇ رامىزانلىق ئىبادىتىدە هالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى.(ب)

**لۇۋيە ئىسلام دەئۇەت جەمئىيىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا رامىزانلىق ئىئانە ئاتىدى.** مۇبارەك رامىزان ئېيىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ رامىزان ئېيىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، لۇۋيە ئىسلام دەئۇەت جەمئىيىتى(لۇۋيە دەئۇەتۇل ئىسلام)جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە 20مىڭ يۈەن ئامېرىكا دوللىرى(تەخمىنەن 160مىڭ يۈەن خەلق پۇلى) ئىئانە قىلغانىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىكى بۇ پۇلنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، گەنسۇ، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدىكى تالىپلارنىڭ رامىزانلىق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىشكە يوللاپ بېرىشنى قارار قىلغانىدى. نەتىجىدە، گەنسۇغا 60مىڭ يۈەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا 60مىڭ يۈەن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا 40 مىڭ يۈەن تەقسىم قىلىنىپ، بۇ پۇل شۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ۋە تالىپلارنىڭ كۈندىلىك رامىزانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىندى. ئىپتار[illegible] ئامما ۋە دارىلفۇنۇن تالىپلىرى ئىئانە ئاتىغان لۇۋيە ئىسلام دەئۇەت جەمئىيىتى خادىملىرىغا ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۇئا تىلاۋەت قىلدى.(ب)

**بىرۇنېي، ئومان، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەلچىخانىلىرى رامىزانلىق ئىئانە ئاتىدى.** بىرۇنېي دارۇسسالام دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى رامىزان مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ نامازخانىسىغا كەڭلىكى 70سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 50 مېتىر كېلىدىغان جايناماز گىلەم تەقدىم قىلىپ، تالىپ ۋە ئۇستازلارنىڭ ناماز ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئومان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى باش ئەلچىخانىسى رامىزان مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە 20يەشىك خورما تەقدىم قىلدى. جەمئىيەت بۇ خورمىلارنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىكى تالىپلارنىڭ ۋە نىڭشيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رۇھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىقىغا سەرىپ قىلىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. (ب)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

★ **ئاقسۇ** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى باي ناهىيىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەتتىكى هەر قايسى ناهىيە(شەهەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپلىرى ۋە ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىن ئەھلى باي ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت شارائىتى، خىزمەت ئەھۋالى بىلەن بىۋاستە تونۇشتى ھەم يۇقىرى باها بەردى. (تۇردى ھەسەن)

★ **سانجى** خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى 5 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سانجىدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئوبلاستتىكى ئۈچ شەهەر، بەش ناهىيىدىن بولۇپ ئالتە مىللەتتىن بولغان 161 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك هەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت نىشانى، ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سايلام ئارقىلىق 67 نەپەر هەيئەت ئەزا، 25 نەپەر دائىمىي هەيئەت ئەزاسى بارلىققا كەلدى. لىچىڭيۈەن(خۇيزۇ)رەئىسلىككە، مۇيوپېڭ(خۇيزۇ)، ئىسمائىل سوپى، ئاقات(قازاق)، هامۇت قارىي هاجى، ما يۇ شياۋ(خۇيزۇ) قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، كەنگوشۇڭ(خۇيزۇ) باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(ئالىم ئىمىن)

★ **قەشقەر** شەهەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دائىمىي هەيئەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئالتە دىنىي زاتنى يېڭىدىن ۋەزىپىگە قويۇش قارار قىلىندى، شۇنداقلا رامىزان ئېيىدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(قەشقەر شەهەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **ئۇلۇغچات** ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا 12 يېزا(بازار) فېرمىلاردىن كەلگەن 27 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سايلام ئارقىلىق 1 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 12هەيئەت نەپەر ئەزاسى، بەش نەپەر دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، بىر نەپەر پەخرىي رەئىس، ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ سايلاپ چىقىلدى. (دولقۇن مەكەن)

★ **قاغىلىق** ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناهىيە بويىچە تۇنجى قېتىم ۋەز ـ تەبلىغ، قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە هەر قايسى يېزا(بازار)لاردىن كەلگەن 65 ماهىر قاتناشتى. نەتىجىدە ئالتە ماهىر ۋەز ـ تەبلىغ تۈرىدە، ئالتە ماهىر قىرائەت تۈرىدە دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## ئىسلام مائارىپى

**ئۆز خەۋىرىمىز: بىر تۈركۈم تالىپلار مىسىر ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى.** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تاللىشى بىلەن 2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ25 ـ كۈنى 27 نەپەر تالىپ مىسىر ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق تالىپلاردىن مۇهەممەد ئابدۇللا ئۆمەر ،سەمەت مىجىت ، مەمتىمىن ماخمۇتجان، ئىسكەندەر مەڭلىك، ماجۇڭشىڭ قاتارلىق بەش نەپەر تالىپ بار بولۇپ،ئۇلار مىسىرنىڭ ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. (ب)

★ **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام مەكتىپى 2005 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دىنىي ئىزباسارلارنىڭ تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مەكتەپتىكى مۇدەررىس، تالىپلار بولۇپ 160تىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 تالىپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى ھەمدە ئۇلارغا شاھادەتنامە تارقىتىلدى. ئالتە نەپەر ئۆچتە ياخشى تالىپ، ئۈچ نەپەر ئىلغار مۇدەررىس مۇكاپاتلاندى. ئوقۇش تاماملىغان تالىپلار ئۆز يېزىسىدىكى ئىمامى يوق مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلاردا تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 168 تالىپنى يىغىپ، 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا گوۋۋيۈەنىڭ« دىن ئىشلىرى نىزامى»، «ئىسلام دىنىنىڭ ناماز مۇراسىملىرى ۋە ۋەز - تەبلىغ قىلىش توغرىسىدا» قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس سۆزلەندى. كۇرس ئاخىرىدا ئىمتىھان ئېلىنىپ، لاياقەتلىك بولغان 95 تالىپقا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

★ **يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005 - يىل 10 ئاينىڭ 19 - كۈنى 19 - قارارلىق دىنىي ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئاچتى. يىغىنغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، يېزا(بازار)لىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس. باش كاتىپلىرى ۋە جامائەت ۋەكىللىرى بولۇپ 250كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان كۇرسانتلار 100نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 60 نەپىرى ۋەزىپىدىكى دىنىي زات. قالغىنى ئىزباسار. ئوقۇش ۋاقتى 6 ئاي. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **ئاۋات** ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق ئايال مېيىت يۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، ئۈچ كۈنلۈك بۇ كۇرسقا 100نەپەر ئايال قاتناشتى. (ئەلقەم ھۆسەن)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

★ **توقسۇ** ناھىيىسىدىكى 300دىن كۆپرەك دىنىي زات بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان 493 نامرات ئائىلىگە، يېتىم - يېسىر، مېيىپ ۋە نامرات 116ئوقۇغۇچىغا ئىلگىرى - كېيىن 153مىڭ يۈەن نەق پۇل، 78مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 49 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى ھەم 19 مەكتەپنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. (نىياز ساتتار)

★ **يەكەن** ناھىيىسىدە ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن بۇ يىل 8 - ئايغىچە132 دىنىي زات 140 پارنىڭ ياساپ ئەسلىھە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى، چارۋىچى دىنىي زات ئائىلىسى 685 كە، باغ، ئورمانچىلىق دىنىي زات ئائىلىسى 386گە يەتتى. 808 دىنىي زات چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. 818 دىنىي زات نامراتلارغا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا 107مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل، 39 مىڭ 840 كىلوگرام ئاشلىق ئىئانە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **باي** ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇلتۇردىن بۇيان قىيىنچىلىقى بارلارغا14مىڭ 900 كىلوگرام ئاشلىق، 353 كىلوگرام ياغ، 735 كىلوگرام گۆش، 52 تونىنا كۆمۈر، 659 قۇر كىيىم، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 2378يۈەنلىك دەپتەر، 8700 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 56مىڭ 900 يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سايرام بازىرىدىكى 43 دىنىي زات مائارىپ ئىشلىرىغا، نامرات ئائىلىلەرنىڭ چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا 24 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

★ **ئاقسۇ** شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەستە جامەنىڭ ئىمامى گۈلشەن مەمەت قارىھاجى (ئەر) بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆز يېنىدىن 10مىڭ يۈەن چىقىرىپ، قىيىنچىلىقى بار 37 كىشىگە قىشلىق كۆمۈر ئېلىپ بەردى. شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاقسۇ چوڭ خانىقاسىنىڭ خاتىپى ئەخمەت مەتنىياز داموللا ھاجى ئۆيغۇر تېبابەتچىلىكى كەسپىنى قىلىش داۋامىدا قىيىنچىلىقى بار، ئاجىز كىشىلەرنى ھەقسىز ۋە ئېتىۋار بىلەن داۋالاپ كەلمەكتە. 2005 - يىلى ئۇ ھەقسىز داۋالىغان كىشى 113كە، ھەقسىز بەرگەن دورا 4500 يۈەنگە يەتتى. ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزا ئىگەچى كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھمان ئىسلام قارىھاجىم 500 يۈەن چىقىرىپ، 13 نامرات كىشىگە تارقىتىپ بەردى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

★ **باي** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باي ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى غوپۇر ئەمەت ھاجى ھازىرغىچە مائارىپقا، مېيىپلارغا 25 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە نەق پۇل ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

★ **تۇرپان** ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلار 2005 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (شاھىمەردان ئىمىنىياز)

★ **كورلا** شەھىرى يېڭىشەھەر يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار 4100 يۈەن ئىئانە توپلاپ، يېڭىشەھەر يېزا قاراباغ 1 - گۇرۇپپا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەيدانىغا خىش ياتقۇزۇپ، رىشاتكا تاملىرىنى سالدۇرۇپ بەردى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

★ **تۇرپان** شەھىرى يار يېزا يېڭى مەھەللە 1 - كەنت جامى مەسچىتىنىڭ خاتىپى غوپۇر ھاجى بىلەن تۇرسۇن ھاجىلارنىڭ باشچىلىقىدا جامائەت 1200 يۈەن يىغىش قىلىپ، بۇ يىل 15 - سىنتەبىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان چاتقال يېزا قاراغۇجا مەھەللىسىدىكى بەش ئائىلىدىن ھال سورىدى. (مەنسۇر مەھەممەت)

★ **يەكەن** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئېلىشقۇ بازارلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى ياسىن قارىھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جامائەت 3500 يۈەن ئىئانە توپلاپ، قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان بىر ئوقۇغۇچىغا ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازار قارىباغ 6 - كەنت 1 - مەھەللىدىكى مەمتىمىن سوپۇرگە ھاجىم نامرات ئائىلىلەرگە 400 يۈەن پۇل، 3000 يۈەنلىك ئۇن، گۆش، سەي - كۆكتات ياردەم قىلدى، يەنە ئېلىشقۇ بازار ئۆتەڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 500 يۈەنلىك ئوقۇش قۇراللىرى ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار دۆڭئېرىق 7 - كەنت 1 - مەھەللىدىكى ئابدۇللاخان مەخسۇم يېقىندا بىر ئېغىر كېسەلگە 2500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. يەنە شۇ كەنت 2 - مەھەللىدىكى مۇسا قاۋۇل ھاجى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 3500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12 - كەنتتىكى ئابدۇراخمان ئىبراھىم قامغاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە 340 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق ياستاپ بەردى. ئېلىشقۇ بازار چىلانغىر 9 - كەنتتىكى ئابدۇۋايىت ھاجى يېتىم - يېسىرلارغا 1500يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى40 نامرات ئوقۇغۇچىغا 2500 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ئىئانە قىلدى. يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئېلىشقۇ بازار يۇلچى لەڭگەر 13 - كەنت 1 - مەھەللىدىكى ئابدۇللا ئابدۇرىشىت ھاجى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىشقۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 2500 يۈەن قىممىتىدە تەنتەربىيە سايمانلىرى ئېلىپ بەردى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ چىدامسىز ئۆي قۇرۇلۇشىغا 450 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. يەكەن ناھىيە سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئېلىشقۇ بازار قارىباغ 6 - كەنت 3 - مەھەللىدىكى جامال چاۋار ھاجى تەۋەيىدىكى نامراتلارغا 1500 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 500 يۈەنلىك ئوقۇش قۇراللىرى ئېلىپ بەردى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

★ بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى **مەكىت** ناھىيە شېھىتدۆڭ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار 1 - كەنت 1 - مەھەللىدىكى بىر دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا 525يۈەن نەق پۇل، 200 جىڭ ئاشلىق يىغىش قىلىپ بەردى. (ئابدۇرىشىت ۋاسىل، ئەنۋەر ئابدۇرەھىم)

★ **مەكىت** ناھىيە بازارجامە كەنت مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئەمەتي ھوشۇر قارىم ئۆز يۇرتىدىكى نامرات يەتتە ئائىلىگە 1500 يۈەن نەق پۇل، 750 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلدى، ئۈچ دېھقانغا 25مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى، ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 22 نامرات ئوقۇغۇچىغا 440يۈەن قىممىتىدە كىيىم ئېلىپ بەردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **يەكەن** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، يەكەن بازار تىرەباغ خانىقاسىنىڭ ئىمامى ھەمدۇللا قارى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان مەھەللىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە 50 قۇر كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەردى، ئۇ يەنە بۇ مەھەللىدىكى 11 نامرات ئائىلىنىڭ ئىچىملىك سۇ ۋە يەر ئاستى ئەۋرەز يولى سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 9500 يۈەن چىقىرىپ، كوچا يولىغا 100 مېتىردىن ئارتۇق يەر ئاستى ئەۋرەز يولى تۇرۇبىسى كۆمۈپ بەردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **مارالبېشى** ناھىيە بازىرى ئىجتىمائىي رايون 4 - گۇرۇپپا بامدات مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرۇسۇل قارىم يىللاردىن بېرى يۇرت - جامائەتكە توي، نەزىرنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ كەلگەنىدى، بۇ يىل 6 - ئايدا ئۇ قىز نەۋرىسىنىڭ توينى ئاددىي ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ جامائەتنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. (ئەنۋەر تۇردى)

★ **يەكەن** ناھىيە تاغارچى يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە 120 دىنىي زات 2091يۈەن توپلاپ 123 نامرات كىشىنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **مارالبېشى** ناھىيە بۇلاق بېشى رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق نامرات بىرەيلەننىڭ ئوغلى يۇقىرى نومۇر بىلەن نەنجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆتكەن بولسىمۇ نامراتلىقتىن بېشى قېتىپ تۇرغاندا بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى دىنىي زاتلار 1156 يۈەن توپلاپ ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىغا مەدەت بەردى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **مارالبېشى** ناھىيە ئاقساقمارال يېزا 1 - كەنت 2 - مەھەللە جۈمە مەسچىت خاتىپى ئابدۇكېرەم سابىر ھاجى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن ئۆتكەن يىلى ئۆز يېنىدىن 6000 يۈەن چىقىرىپ كەنت يولىدىكى ئاساسلىق غول ئۆستەڭگە بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى؛ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە بىر تونна كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەردى. ھەر يىلى قىشتا كەنتتىكى نامرات يەتتە ئائىلىگە 500 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، ياغ، كۆمۈر ياردەم قىلىپ كەلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **ئاقتۇ** ناھىيە پىلال يېزا پىلال كەنتىدىكى ھىدايىتۇللا ھاجى يېقىندا پىلال يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 30 نامرات ئوقۇغۇچىغا 4800 يۈەن قىممىتىدە 30 ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردى. (كۈرەش ئابنۇس)

★ **قەشقەر** مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا 10 - كەنت 1 - مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى ئەيسا مەمەت قارىم 2001 - يىلى ئۆز يۇرتىدىكى 40 نامرات ئائىلىدىن 5000 يۈەن نەق پۇل بىلەن ھال سورىدى، 2004 - يىلى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 1410 يۈەن ئىئانە قىلدى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ مەكتەپ قورۇسىغا $160m^2$لىق ۋېلىسىپىت ساقلاش لاپىسى ياساپ بەردى. 2003 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى نامرات ئائىلىلەرگە 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدە دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى ئۆسۈمسىز تارقىتىپ بېرىپ،يىل ئاخىرىدا دېھقانلارغا 5000 يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇ يەنە بۇ يىل قاتناش ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلانغان بىر دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا 1000 يۈەن ياردەم قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ يېقىندا **مەكىت** بازىرىدىكى دىنىي زاتلار1680يۈەن يىغىپ، ئەتراپىدىكى نامرات 35 ئائىلىنى يوقلىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **قەشقەر** يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى،

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، هاراپ يېزا 12 ـ كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئاباباس قارى قاتناش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن 1996 ـ يىلى ئۆز يېزىسىدىكى نامراتلارغا 13مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، سىنتلە يېزىسىدىكى بىر مومايىنى 2700 يۈەن سەرپ قىلىپ داۋالاتتى، 2000 ـ يىلدىن بۇيان هاراپ ئوتتۇرا مەكتىپىگە، بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇيدىغان 35ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز كىرا قىلدى. 2002 ـ يىلى هاراپ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە 5000 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، هاراپ باشلانغۇچ مەكتەپكە 17مىڭ خىش ياردەم قىلدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئاباباس قارىم ئۆز يېزىسىدا قوش تىل ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىشنى قوللاش ئۈچۈن 8000 يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ 50 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق، نامرات 20 ئوقۇغۇچىغا 20 يۈرۈش مەكتەپ كىيىمى ئېلىپ بەردى ھەم مۇشۇ سىنىپنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش ھەققى ۋە تۈرلۈك چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يەنە بەشئېرىق يېزا 10 ـ كەنتتىكى بىر نامرات ئائىلىگە 500 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **مارالبېشى** ناھىيە دۆلەتباغ يېزا 4 ـ كەنت 2 ـ مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى سىدىق قارى ھاجى بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئۆز كەنتىدىكى كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەندە 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ بۇ كۆۋرۈكنى يېڭىدىن ياساپ بەردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **قارامای** شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مايتاغ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مايتاغ 5 ـ رايون مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياسىن قارى ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى مەسچىتنىڭ دۇكان ئىجارە كىرىمى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بىلەن مېيىتخانا، مېيىت يۇيۇش ئۆيى، كىر يۇيۇش ئۆيى، يىغىن زالى(نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ) سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ مېيىت يۇيۇش، ئۇزىتىش، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرى قولايلاشتى.

(ئوبۇلقاسىم قادىر)

★ **ئاۋات** ناھىيە ئايباغ يېزا 8 ـ كەنت، تۆۋەنكى كولاسى 10 ـ كەنتتىكى دىنىي زاتلار ئۆز كەنتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىككى كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى. ئاۋات ناھىيە بازىرى قۇمباغ مەھەللە رايونىدىكى تىجارەتچى ئابدۇراخمان ئىسرائىل ھاجى نامرات ئائىلىلەردىن 2000 يۈەنلىك تۇرمۇش ئەشيالىرى بىلەن ھال سورىدى، ئۈچ نەپەر ياشنى باقمىچىلىق كارخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. (ئەلقەم ھۇسەن)

★2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى **ئاۋات** ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى 64 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر يېتىم قىزغا 57 مىڭ يۈەن ئىئانە يىغىپ بەردى. (گۈلشەن خۇداۋەردى)

★ **مەكىت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، 1 ـ رايون ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەسقەر قارىھاجى دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە 3000يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، شۇ رايوندىن ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىغا ئوقۇشقا ئۆتكەن نامرات قىزغا ياردەم قىلدى. مەكىت ناھىيە بازار جەمئى كەنت 1 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەمەت ھوشۇر نامرات يەتتە ئائىلىگە 1500يۈەن نەق پۇل، 1300 جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلغاندىن سىرت، ئۈچ ئائىلىگە 25مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى، بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بازارجەمئى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 22نەپەر قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىغا 440يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردى. مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 5 ـ رايون ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابلا قارىھاجى ئوسمان بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۆز يېنىدىن 1500 يۈەنگە نان، گۆش، مېۋە ـ چېۋە سېتىۋېلىپ دولان دەرياسى بويىدا كەلكۈن مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاممىدىن ھال سورىدى .

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل، ئادىل ئابدۇرېشىت)

★ **ئاقسۇ** شەھىرى ئىگەرچى يېزىسىنىڭ يۇقارقى بالداڭ كەنتى1 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى نۇردۇن نۇرۇللا ئۆپچۆرىسىدىكى نامراتلارغا 1500 يۈەن نەق پۇل، ئاشلىق ياردەم قىلدى. (ئەركىن پالتى)

★ **توقسۇ** ناھىيە يۇلتۇز باغ بازىرىغا قاراشلىق شەنبە بازار كەنت 4 ـ مەھەللە مەسچىت ئىمامى ساۋۇر قارىھاجى، مەزىنى قۇربان تاش قاتارلىقلار مەسچىت مالىيىسىدىن 1300 يۈەن ئاجرىتىپ، شۇ مەھەللىدىكى بىر نامرات دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. (ئېرىز كېۋىر)

★ **كورلا** شەھەر پۇخوي دېھقانچىلىق مەيدانى چارۋا ئەترەت مەسچىتىنىڭ ئىمامى تۇرسۇن مامۇت ھاجى جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ 3000 يۈەن ئىئانە يىغىپ، خانىغا مازىرىغا بارىدىغان 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپىلاڭ، زەيكەش يولنى ياساپ بەردى.

( پۇخوي مەيدان بىرلىكسەپ ئىشخانىسى)

★ **مەكىت** بازىرى يېڭى مەھەللە رايونى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئۆبدىمۆمىن قارىھاجى قاتارلىق دىنىي زات ۋە جامائەت بىرلىكتە 1544 يۈەن يىغىش قىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنى، نامرات/ئائىلەرنى يوقلىدى.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

### خەير-ساخاۋەتچى ماھىرجان

شىنجاڭ «ماھىرجان» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدېرى **ماھىرجان** بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن بۇ شىركەتنى قۇرۇپ چىققانىدى. 15 يىلدىن بۇيان چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈنسېرى روناق تاپقان بۇ شىركەت هازىرغىچە 2700 ئائىلىلىك نامرات دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 1860 نامرات ئوقۇغۇچىغا ئىزچىل ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كەلگەن. شىركەتنىڭ هازىرغىچە نامراتلارنى يۆلەش، ئارمىيىنى ھېمايە قىلىش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش قاتارلىق خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاجراتقان ئومۇمىي مەبلىغى

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

30 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ شىركەت يەنە بۇ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق سەنئەت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، پاكىستاننىڭ سەنئەت ۋە كىنوچىلىق ساھەسىدىكى داڭلىق چولپانلىرىدىن 25كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراماي، ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا 12 مەيدان سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، بېلەتتىن كىرگەن كىرىمنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان نامرات ئوقۇغۇچىلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشكە ئاتىغان.(ش)

## مەرىپەتپەرۋەر تالانت ئىگىسىنىڭ يېڭى خەير-ساخاۋىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ئاتاقلىق رەسسام ۋە خەتتات ، ماي بوياق ۋە جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتا، ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە خەتتاتلىقتا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە داڭ چىقارغان مەرىپەتپەرۋەر ئالىم **غازى ئەھمەد** 2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۆزى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئايرىلغىلى 60 يىل بولغان ئانا مەكتىپى قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىدىكى قوشكۆل باشلانغۇچ مەكتىپىگە مەخسۇس ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرى بىلەن 10 يۈرۈش كومپيۇتېر تەقدىم قىلىپ، ۋىلايەت، شەھەرنىڭ ۋە مەكتەپتىكى بارلىق ئۇستاز ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە مۇيەسسەر بولدى. ئىلغار پىكىرلىك مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسىنىڭ پەرزەنتى ، 1940 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئىپتىدائى پەننى بىلىم ئالغان غازى ئەھمەد ئۆزىنىڭ بۇ ئانا مەكتىپىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، 2003 ـ يىلىمۇ بۇ مەكتەپتىكى قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن ئىئانە ئاتىغانىدى. بۇ نۆۋەت 50 مىڭ يۈەنلىك 10 يۈرۈش كومپيۇتېر تەقدىم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا ھاياجانلىق ۋە ئىلھامبەخش سۆز قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ناچار، قىيىن شارائىتتىمۇ مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازلارنىڭ ئەستايىدىل بىلىم بېرىشى بىلەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئىچىدىن كۆپلىگەن ئالىي مەلۇماتلىق پروفېسسور، دوتسېنت، ئالىملارنىڭ ھەتتا چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن چوڭ زىيالىيلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن، ھازىرقى شۇنچە ياخشى شارائىتتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقداشلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ زور نەتىجە قازىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى يېڭى دەۋر ۋە ياخشى شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇش ھەققىدىكى ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى بايان قىلدى. مۇراسىمدا مەزكۇر مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى گۈلبانۇم مەمتېلى ھازىر بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 500 دىن ئارتۇق مەكتەپدىشىغا ۋاكالىتەن غازى ئەھمەد تاغىسىغا قىزىل گالىستۇك تاقاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەكتەپتىكى بارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ۋە ئوتلۇق ۋەدىسىنى ئىپادىلىدى:

ئەسسالام! خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى غازى ئەھمەد تاغا!

ئۆز مىللىتىنى مەملىكەت ۋە دۇنيا خەلقلىرىگە تونۇتۇش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، بىر جۈپ چېۋەر قولى ئارقىلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى تەسۋىرلەپ، ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلىۋاتقان ، ئەۋلادلار ئىشقىدا گۈلخان بولۇپ يېنىپ، ئانا يۇرت مائارىپى ئۈچۈن سېخىي قولىنى سۇنۇپ، ئەۋلادلارنىڭ يارامىلىق زىيالىي بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلغان خەلقىنىڭ غەمگۇزارى غازى ئەھمەد تاغا! سىزنىڭ تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ، بىزلەرنى سېغىنىپ كەلگەن ئەزىز قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

بىز دەرسلىكلىرىمىزگە بېسىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈپ، تېلېۋىزورلاردىن، رادىئولاردىن ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد دېگەن سۆيۈملۈك نامىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنىڭ دىدارىڭىزنى كۆرۈشنى، داڭلىق رەسىملىرىڭىز بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى تاڭ قالدۇرغان شۇ چېۋەر قوللىرىڭىزنى تۇتۇپ كۆرۈشۈشنى ئويلاپ كەلگەنىدۇق.

مانا شۇ كۈنلەرمۇ بىزگە نېسىپ بولدى. 2003 ـ يىلى سىز مەكتىپىمىزگە كېلىپ، 10مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى مەكتىپىمىزدىكى قىيىنچىلىقتا قالغان دوستلىرىمىزنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن بەرگەنىدىڭىز. بۇ دەقىقىلەردىكى ھاياجان تېخى قەلبىمىزدە بېسىلماي تۇرۇپلا بۈگۈن يەنە 10 يۈرۈش كومپيۇتېرنى بىز دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ شەھەر بالىلىرىدەك كۆپ ئىقتىدارلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىپسىز. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناپ روھ ـ ھە!

ياشاپ كېتىڭ غازى ئەھمەد تاغا! تۇرمۇش كارتىنىسى چېۋەر قوللىرىڭىز ئارقىلىق ئۆزلۈلمەي جۇلالىنىپ تۇرسۇن. ئۆمرىڭىزگە بەرىكەت، تېنىڭىزگە سالامەتلىك يار بولسۇن! بۇ دىيار سىزگە ئوخشاش ئاتاقلىق سەنئەتكارنى يېتىشتۈرگەن ئىكەن، بىزمۇ ھازىردىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سىزنى ئۈلگە قىلىپ، سىزگە ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر تالانت ئىگىسى بولۇش ئارقىلىق، سىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرىمىز. بۇ مېنىڭ شۇنداقلا قوشكۆل مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتلۇق ۋەدىسى، مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق ئىلكىدە مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن بۇ شەپقىتىڭىزگە يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمەن:

پەرزەنتلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ،
ۋەتەن ئۈچۈن بەخت ـ ئامەت ئىزدەپسىز.
مائارىپنىڭ ئىستىقبالى ئىشقىدا،
ئۆسمۈرلەرگە سوۋغا ـ سالام ئېيپ كەپسىز.

خاتىرجەم بولۇڭ غازى ئەھمەد تاغا، بىز چوقۇم ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمىز.

## ساخاۋەتلىك زېمىندىكى ساخاۋەتچى

ھەر قانداق دېھقان ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ئەقىل ـ پاراستى، زېمىن بايلىقى، سۇ بايلىقى قاتارلىق ئۆزىگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تىرىشىپ ئەجىر قىلسا شۇنىڭغا يارىشا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ھالبۇكى پۇلنى كۆپ تاپقانلىقىنىڭ ئۆزىلا تىلغا ئېلىپ ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى پۇل تاپقاندىن كېيىن قانداق خەجلەشنى بىلىش؛ ئۆزى بايلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ خۇشال بولغان چاغلاردا مىسكىن دىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق؛ ئۆزىنىڭ چەكلىك ئۆمرىدە باشقىلار قىلالمىغان ئەھمىيەتلىك، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، ھاياتىدىن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇش مەدھىيىلەشكە، ئالقىشلاشقا تېگىشلىك كاتتا ئىش. مەن

تونۇشتۇرماقچى بولغان بۇ كىشى كاتتا زىيالىي ياكى بىرەر داڭلىق شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىنغان بىردىن بىر بايلىق مەنبەسى بولغان ساخاۋەتلىك زېمىنغا بىر ئۆمۈر ھاياتىنى بېغىشلاپ، ئۇن - تىنسىز تۇپىغا مىلىنىپ، تەر تۆكۈپ ئەجىر قىلىپ مەلۇم ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يۇرتداشلىرىغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىپ، ئاما تەرىپىدىن ”ساخاۋەتلىك باي“ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 18 - كەنت بويىچە ئالدىن بېيىغان دېھقان **ئابلىمىت تۇردىدۇر**. ئۇ ئۆزىنىڭ بېيىش جەريانىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:”مەن 1982 - يىلى 44 مو يەرنى كەنتتىن ھۆددىگە ئالدىم. ئائىلەمدىكى تۆت جاننى يېتەكلەپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ئەھۋالىمىزنى خېلى ياخشىلىدۇق. لېكىن مەندەك كۆپ نوپۇسلۇق بىر ئائىلە بۇنچىلىك يەرگە قاراپ ئولتۇرساق بولمايدىكەن؛ دېھقان بولغاندىكىن يەرنى تېخىمۇ جىق تېراي دېدىم. يېگىدىن يەنە 33 مو بىنەم يەر ئاچتىم. كەنت ئىگىلىكىدىكى بىر چوڭ تىراكتورنى چاتما سايمانلىرى بىلەن قوشۇپ 55مىڭ 500 يۈەنگە سېتىۋېلىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىكى جاپا ۋە چىقىمنى ئازايتىش بىلەن بىللە كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ 2000مودىن كۆپرەك يېرىنى تېرىپ بېرىپ، كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتتىم. بىز كاللا ئىشلەتمەي، ئەجىر قىلماي، سېرىقتال كۆنىمىزگە شۈكرى قىلىپلا ياشىساق بولمايدىكەن، ئەجىر قىلماي ئاللاھتىن تىلەۋەرسەك مۇسۇلمانلىققا توغرا كەلمەيدىكەن، ھەر ئىشقا بىر سەۋەب كېرەك - تە!“

دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان كەسىپ بولغاچقا، كىرىم مەنبەسىنى يەنىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇ 2000 - يىلى بانكىدىن 50مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، 18 تۇياق نەسىللىك ئىنەك سېتىۋېلىپ، تەشكىلىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ بېقىپتۇ. 2003 - يىلى بۇ كالىلارنىڭ تۆللىرىنى سېتىپ بانكا قەرزىنى قايتۇرۇپتۇ. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 50 مىڭ يۈەندىن كەم بولماي كەپتۇ. ئۇ يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان ئۆز كەنتى ۋە قوشنا كەنتلەردىكى قىيىنچىلىقى بار 10 نەچچە ئائىلىگە ھەر يىلى 1000 كىلوگرام ئاشلىقنى ھەقسىز تەمىنلەپتۇ؛ قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ يىللاردىن بۇيان بېرەلمەي كەلگەن تىراكتور پۇلىدىن 3600 يۈەن پۇلنى كەچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلتۇر دېھقانلار كېۋەزگە مايسا ئوغۇتى بېرىش مەزگىلىدە مەبلەغ قىيىنچىلىقى كۆرۈلگەندە ئۇ 16مىڭ 800يۈەن چىقىم قىلىپ، يېتەرلىك خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز ھېسابىدا بېرىپتۇ. 2003 - يىلدىكى ئېغىر يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىككى ئورۇندىكى مەسچىتكە 2600 يۈەن ياردەم قىلىپتۇ. ئۇنىڭ يەنە نامرات ئائىلىلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش، چارۋا ئېلىپ بېرىش، يول - كۆۋرۈكلەرنى پۇل چىقىم قىلىپ ئوڭشاپ قويۇشتەك ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ئىنتايىن كۆپ. بۇ كەنتتىكى ۋە قوشنا كەنتلەردىكى ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان، پەۋقۇلئاددە كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە قەرز ھېسابىدا بەرگەن مۇئامىلاتلىرىدا ئۆسۈم ئېلىپ جازانىخورلۇق قىلىدىغان قىلمىشلارنى قەتئىي قىلمىدى.

مەن ئۇنىڭ ھەج تاۋاب قىلىش پىلانىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغىنىمدا ئۇ: ”مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان شۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار، لېكىن ئەتراپىمدا خېلى جاپالىق ئىشلەپمۇ يىل ئاخىرىدا قولىغا ھېچ نەرسە ئاشماي، ئۇششاق باللىرى بىلەن سېرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتقانلار بار؛ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ياشانغانلار، مېيىپلار، ئىگە - چاقىسىزلار، يەرگە مەبلەغ سېلىشتا بانكىدىن قەرز ئالالماي يۈرگەن نامرات قېرىنداشلىرىم بار. بۇلارنى قايرىپ قويۇپ، ھەجگە بارىمەن دەپ 20 - 30 مىڭ يۈەن پۇلنى توملاپ ماڭسام، مۇسۇلمانلىققا ھەم ئىنساپ - دىيانەتكە تازا خوپ كەلمىگۈدەك. ھەج تاۋاب قىلىش ساۋاپلىق پەرز ئەمەل، لېكىن ئۆز مەھەللەمدە قوشنىلىرىم داۋالىنىشقا پۇلى يوق، كېسەللىك ئازابىدا ئىڭراپ ياتسا، مەكتەپلەردە يۈرۈۋاتقان نامرات باللار كۆز ئالدىمدا مۆلتىلىنىپ تۇرسا، بۇ تۇرقىدا مەن ھەرەمگە كۆڭلۇم خۇشال بارالمايمەن. مەن ئاشۇنداق نامرات قېرىنداشلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، دىلى سۇنۇقلارنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق، دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىسامسۇ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، چۈنكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام ماڭا ئۇلار دۇئا قىلىدۇ، ئىشلىرىمغا بەرىكەت تىلەيدۇ. مەن قاچانكى، يۇرتىمىزدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقىي ياخشىلىنىپ، جامائەت مۇئەسسەسەلىرى تولۇقلىنىپ، موھتاجلار بىر ئاز سېلىككەن چاغدا ئاندىن ھەج تاۋاب قىلىشنى ئويلىشىمەن“. (ئابدۇرەھمان ئىسمائىل)

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

★ **بىگتۇەن 3 - دېۋىزىيە** 51 - تۇەندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى 15 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ 12 - لىيەندىكى بىرەيلەننىڭ كۆيۈپ يارىلانغان 5ياشلىق قىزىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(گۈلنۇر توختى)

★ **بىگتۇەن 3 - دېۋىزىيە** 44 - تۇەن مەيدان چىغانچۆل 6 - لىيەننىڭ ئىشچىسى، تىجارەتچى **غېنى سېيىت** بۇ يىل 10 - ئايدا رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئۇن، ياغ، گۈرۈچ سېتىۋېلىپ، تۇەندىكى 60تىن ئارتۇق نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى . (مەمتىمىن يۈسۈپ)

★ **بىگتۇەن 3 - دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيداندىكى ئالدىن بېيىغان تىجارەتچى **ئايشەمگۈل ئابلىمىت** بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەيدان مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات 15 ئوقۇغۇچىغا 600 يۈەنلىك كىيىم - كېچەك، ئاياغ ئېلىپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ 3 - قېتىملىق ياردىمى . (ھاتەمگۈل يۈسۈپ)

★ **باي** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تىجارەتچى **گۆھەرنىسا نىياز** يېقىندا ئىككى تونىنا كۆمۈر سېتىۋېلىپ باي بازىرى تېتىر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن گۆھەرنىسا نىيازنىڭ بۇ بىر قانچە يىلدا مائارىپ ئىشلىرىغىلا بەرگەن پۇل، ماددىي بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 30مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

★ **يەكەن** ناھىيىلىك ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدىكى تىككۈچىلىك كارخانىسىنىڭ خوجايىنى **مەختۇمخان ئىبراھىم** يېقىندا ئۆز يېنىدىن 5300 يۈەن

قىممىتىدە ئوقۇغۇچىلار فورمىسى تىككۈزۈپ، يەكەن ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات 90 ئوقۇغۇچىغا ئىئانە قىلدى، ئۇ يەنە ئۆز كەنتىدىكى نامراتلارغا 5000 يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك، ئۇن، گۆش، يوتقان-كۆرپە ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازىرىدىكى تىجارەتچى **بەگمەت مەمتىمىن** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامراتلارغا 2000 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئېلىشقۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 450 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار چىغلىق بۇلۇڭ 23-كەنت 2-مەھەللىدىكى دېھقان كارخانىچى **قادىر ئوسمان** نامراتلارغا 3000 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئۇچى قۇم باشلانغۇچ مەكتىپىگە 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار چىلانغىر9-كەنت 3-مەھەللىدىكى تىجارەتچى **مەمەتنىياز راخمان** نامراتلارغا 5000 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بازارلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نامرات 30 ئوقۇغۇچىغا 450 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ياردەم قىلدى؛ يەنە شۇ كەنتتىكى بېيىغان دېھقان **مەمەتتوختى ھامىدىن** 2500 يۈەنگە ئالتە پارچە گىلەم ئېلىپ ئېلىشقۇ بازار جامەگە سېلىپ قويدى؛ ئېلىشقۇ بازار دۆڭئېرىق كەنتى 1-مەھەللىدىكى تىجارەتچى **تۇرسۇن قاۋۇل** يېقىندا ئېلىشقۇ بازار جامەنىڭ ئىچىگە 500 يۈەنلىك گىلەم سېلىپ قويدى. ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنتى 1-مەھەللىدىكى **زىياۋدۇن ھەلىم** 10 نامرات دېھقان ئائىلىگە 20 خالتا ئۇن، پۇل، مائارىپقا 450 يۈەنلىك ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار قارىباغ 6-كەنت 3-مەھەللىدىكى دېھقان **راخمان ئىبراھىم** بازار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 350 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى، نامراتلارنىڭ چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا 2500 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار ئۆتەك 5-كەنتتىكى دېھقان كارخانىچى **راخمان سۇلايمان** نامرات 20 دېھقان ئائىلىسىگە 5000 يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات 50 ئوقۇغۇچىغا 2500 يۈەنلىك ئوقۇش قۇراللىرى ئىئانە قىلدى؛ ئېلىشقۇ بازار ئۆيباغ 8-كەنتتىكى دېھقان [illegible] سادىر نامرات ئائىلىلەرگە ھەر يىلى 2000 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئېلىشقۇ مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپكە 450 يۈەنلىك ئوقۇش سايمانلىرى ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازار چىغلىق ئېرىق 17-كەنتتىكى دېھقان كارخانىچى **ئابدۇللا يولۋاس** نامرات ئائىلىلەرگە 6000 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە 3000 يۈەنلىك تەنتەربىيە سايمانلىرى ياردەم قىلدى(ئۆمەرجان مۇھەممىدى)

★ يېقىندا **كورلا شەھىرى** تېكىچى يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپىراتىۋىنىڭ مۇدىرى **پولات ئىبراھىم** ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا ئاتىغان 3000 يۈەن پۇلنى ئانا مەكتىپى كورلا شەھەر يېڭىشەھەر يېزىسى قاراباغ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىشقا ئىشلەتتى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

★ يېقىندا **بىگتۇەن 3-دىۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيدانىدىكى **ئابدۇرېھىمجان** ئۆز يېنىدىن 4500 يۈەن چىقىرىپ بىرەيلەننىڭ خىش ئۆي سېلىشىغا ياردەم قىلدى. (مەمتىمىن قۇربان، سەمەت ئابلىز)

★ **يېڭىسار ناھىيە** چولپان يېزا ئېرىق كەنتىدىكى **ئابدۇكېرىم ئىسمائىل، تۇرسۇن يۈسۈپلەر** يېڭى ئوقۇش مەۋسۈمى باشلانغاندا نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 1000 يۈەندىن ئىئانە قىلدى.

(ئەنۋەر ئەبەيدۇللا، روشەنگۈل تۇرسۇن)

★ بۇ يىل 10-ئاينىڭ 12-كۈنى **چىرا** ناھىيە بازار چوڭ جامەسى ناھىيىلىك 3-باشلانغۇچ مەكتەپكە يۇرۇشلەشكەن بىر كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

★ قەشقەر ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر 1000 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، ياغ ئېلىپ، تۇرمۇشى قىيىن دىنىي زاتلارنى ۋە نامرات ئائىلىلەرنى يوقلىدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## خەۋەرلەر

**ئۆز خەۋىرىمىز: قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى.** قەشقەر ۋىلايىتى تەشكىللىگەن 16 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان قەشقەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسى كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئېزىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2005-يىل 9-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بارات رەجەپ جەمئىيەت رەھبەرلىرىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جوڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرىغا ئۇيغۇرچە «جوڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىنى تەقدىم قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە« تۇرپان رېستورانى»دا چۈشلۈك زىياپەت بەردى.

بۇ ئۆمەك ئەزالىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى بولۇپ،9-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھىرى، شاڭخەي شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى، جياڭسۇ ئۆلكىسى قاتارلىق جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەققىي قىلغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ،23كۈنلۈك پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قايتتى. (ب)

**ئاقسۇ شەھىرىدىكى** جۈمە مەسچىتلىرىدە بۇ يىل 8-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش ۋە جوڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

★2005-يىل 8-ئاينىڭ 26-كۈنى **قەشقەر** ۋىلايىتىدە دۇنيا تىنچلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىش پائالىيىتى بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈلدى، بۇ كۈندىكى پائالىيەتكە ۋىلايەت بويىچە تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدا جامائەت قاتناشتى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى جۈمە مەسچىتلىرى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەردىمۇ بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئابدۇرېشىت ۋاسىل، ئەخمەتجان

ئەبەيدۇللا، رازاق ھېيتەم )

★ 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ ، 19 ـ كۈنى **قەشقەر** ۋىلايىتى بويىچە، دىنىي زاتلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا، ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ باي بولۇش 5 ـ قېتىملىق نەق مەيدان يىغىنى يەكەندە ئېچىلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، دىنىي زات ۋەكىللىرى بولۇپ 130غا يېقىن كىشى قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى)

★ **ئاقسۇ** شەھىرىدە بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دىنىي ساھەدە پەن تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش نەق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، بېيىغان ۋە بېيىشتا ئارقىدا قالغان دىنىي زاتلار بولۇپ 130 كىشى قاتناشتى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

★ بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى **پوسكام** ناھىيىسىدە، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى **مارالبېشى** ناھىيىسىدە، دىنىي زاتلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا، ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ باي بولۇش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى، پوسكامدىكى يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 120 كىشى، مارالبېشىدىكى يىغىنغا 90 كىشى قاتناشتى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى **يېڭىسار** ناھىيىسىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا يېتەكلەش، توي، نەزىر ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار، جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام ـ خاتىپلىرى بولۇپ 270 كىشى قاتناشتى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★2005 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى **مەكىت** ناھىيىسىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا مەسئۇل كادىرلار، دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

★ **باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىللاردىن بۇيان ھەر جەھەتتىن كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەچكە، بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان «ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باھالاش» خىزمىتىدە شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. (تۇردى ھەسەن)

★ **شايار** ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ ئورۇننىڭ مۇسۇلمانچە ۋىۋىسكىسى ئېلىپ تاشلاندى، شۇنداقلا بەلگىلىمە بويىچە تىجارەت قىلىش، مۆھلەت ئىچىدە ئۆزگەرتىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (پەرھات مىجىت، تاھىرجان نىياز)

★ بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى **گۇاڭجۇ** شەھىرىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىغا بېرىپ 2003 ـ يىلى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان 200 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە بۇ مەكتەپنىڭ ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن يەنە 10 مىڭ يۈەن بەرمەكچى بولدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

★ **پىچان** ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 2002 ـ يىلدىن بۇيان 17 نەپەر 100 ياشتىن ئاشقان ئۆمۈر چولپىنىغا يىلدا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساغلاملىق پۇلى تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت، ياشانغانلار بايرىمىدا ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇردى. (رازاق ھېيتەم، تۇرسۇنئاي رېھىم)

★ **بېڭتۈەن 4 ـ دىۋىزىيە** مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان 2 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش مۇسابىقىسى بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىغا ھەقايسى تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ ئىماملىرى تولۇق قاتناشتى. (بۇسارەم نىياز)

★ **بېڭتۈەن 3 ـ دىۋىزىيە** 44 ـ تۈەن چىغانچۆل جامەسىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى **غوپۇر قارىھاجى** بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 72يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. (مەمتىمىن يۈسۈپ)

## ئەمەت ياقۇپ ھاجى ئالەمدىن ئۆتتى

قومۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق دىنىي زات، قومۇل شەھىرى يۇقىرى ئاقيەر كۆۋرۈكبېشى مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپى ئەمەت ياقۇپ ھاجى 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 84يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. ئەمەت ياقۇپ ھاجى 1921 ـ يىلى قومۇلنىڭ يۇقىرى ئاقيەر مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىنلا يەنىي مەكتەپ ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەخسلەردە ۋە قومۇلدىكى مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى بولۇش بىلەن بىللە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 ـ ، 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قومۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 5 ـ ، 6 ـ ۋە 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قومۇل ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسى، پەخرىي رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەمەت ياقۇپ ھاجى بىر ئۆمۈر باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ ياشاپ، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل، سەممىي بولۇشتەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى بىلەن كىشلەرگە ياشاشنىڭ نەمۇنىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى جامائەتكە ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا يېتەكلەپ، جامائەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزى شۇ كۈنى ئۆز مەھەللىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. قومۇل ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم مەسئۇللىرى ھەمدە بىر نەچچە مىڭ ئاما مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. (يۇنۇس سادىق)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2005-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق دىنىي ماقالىلەرنىڭ

## مۇندەرىجىسى

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان............ مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى.(1·14،2·4،3·7،4·5)
ئاللاھنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ۋە مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا..............مۇختەر ياقۇپ(2·9)
نامازدىكى ھېكمەت ۋە خاسىيەت.................................ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى(3·10)
كېسەل، شىپا، ئەجەل.........................شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى(4·10)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش..........جارۇللا يۇسۇپ(2·12،3·14)
دۇئا، دۇئانىڭ شەرتلىرى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار ۋە دۇئانىڭ ئەدەبلىرى..........ئابابەكرى قارىي(1·23)
تەۋبە-ئىستىغپار توغرىسىدا..................................ئابدۇكېرەم قارىي(1·27)
ئىسلامدا تەقۋادارلىق توغرىسىدا...................................ئادىل ھاجى كېرەم(3·18)
ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەت توغرىسىدا.............................نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (4·16)
غۇسلى تاھارەت توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار..................شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى(3·20)
قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار.................... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد (4·25)
ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئۆيگە كىرىش ئەدەبلىرى..........................ياقۇپ ھەمدۇللا(1·31)
پەزىلەت توغرىسىدا..............................................ئادىل ھاجى كېرەم(2·26)
تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتى توغرىسىدا..............................ئابدۇرەھمان ئىسمائىل(3·27)
كېسەللەرنى يوقلاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى..............ئىسمائىل ياقۇپ(3·30)
مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئەدەپ-قائىدىلىرى..................ئىسمائىل ياقۇپ(4·36)
مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى................................ياقۇپ ھەمدۇللا (4·42)
ھەسەتخورلۇق مىللەتنىڭ ۋابا كېسىلى.................................ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(1·34)
كەلگۈسىنى كۆزلەيلى.....................................................ئابدۇكېرەم قارى(2·17)
قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشى توغرىسىدا.................................ئىسمائىل ئىبراھىم(2·21)
سۇخەنچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيلى........................سادىق قارىم(2·24)
غەيۋەت-شىكايەت ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا.................................ئالىمجان داموللا(3·24)
ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان دىن..........................سادىق ياقۇپ، ياقۇپ ھەمدۇللا(2·27)
تاھارەت، ناماز ۋە سالامەتلىك..............................مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان(2·31،3·35)
ئاياللارنىڭ ئەقلى كەممۇ؟..........................شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى(2·40)
ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقىدا...............ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد،مۇھەممەد مۇسا(3·45)
ئاچچىق ساۋاق ۋە مەككە مۇكەررەمەدىكى ئەسلىھەلەرنىڭ ياخشىلىنىشى....................شەمشىدىن ھاجى(1·37)
ئەرەب تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىر نەزەر...........................مۇھەممەد ئابدۇرەھىم(1·41)
مۇسۇلمانلارنىڭ فىزىكا ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى................................تۇرسۇن توختى(1·45)
مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق رىسالىسى ھەققىدە مۇلاھىزە.................................ئابدۇلۋاھىت خۇداۋەردى(2·44)
قۇرئان خەتمە ئوقۇش سورۇنى ۋە قارىيلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاق قارىشى توغرىسىدا............غوپۇرجان شىرىپ(1·51)
ھاراق سورۇنىدىن يۇغۇلغان ئويلار...........................................جارۇللا يۇسۇپ(1·55)
زاماندا شىلىرىمغا دەيدىغانلىرىم..............................................داموللا قاسىم ھاجى(2·55)
خۇراپات، بىدئەت ئىللەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭ.......................................ياقۇپ ھەمدۇللا(3·51)




2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئامېرىكا «خەلقئارا دىنىي ھۆرلۈك كومىتېتى» ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابدۇللا ئۆمەر باشچىلىقىدىكى ھىندونېزىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.




2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۇنيا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مىسىرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەھمۇد ئەلەمە ئەپەندى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مىسىرلىق قارىيلار جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز - تالىپلىرى بىلەن بىرگە قىرائەت ۋە سۆھبەتتە بولۇپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.



2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىران ئەلچىخانىسى قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە ئەلچىخانىنىڭ مەدەنىيەت كونسۇلى قارىيلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

